


ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى تەرىپىدىن سىكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

# 农村科技

2013 5




سۇلتان زاۋۇتىنىڭ لىدېرى مۇبارەك خانىم
ھالىمە تۇرسۇن فوتوسى

ISSN 1004-1095
05>
9 771004 109006







سۇلتان كۈندىلىك ئېسىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى خېمىيە سانائىتى زاۋۇتى، ئۈرۈمچى بۇلاقتاغ رايونىنىڭ باداۋلان سانائەت رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، خام ماتېرىيال تېرىپ ئۆستۈرۈش، تەتقىق قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە تەربىيىلەشنى بىر گەۋدە قىلىنغان رايونىمىزدىكى بىردىنبىر ئۈنىۋېرسال زاۋۇت. بۇ زاۋۇت شىنجاڭدا چىش پاستىسى ئىشلەپچىقىرالماسلىقتا خاتىمە بېرىپ، يىلىغا 3000 توننا چىش پاستىسى ئىشلەپچىقىرىدۇ. نۆۋەتتە سۇلتان زاۋۇتى رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس ھالدا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن HALAL تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىجازەتنامىسىگە ئېرىشكەن مىللىي كارخانىدۇر. سۇلتان زاۋۇتى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ خام ئەشياسىغا بولغان تەلىپى بويىچە تۈركىيە ۋە مالايسىيادىكى ھالال گىرىم بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلار بىلەن خام ئەشيادىن ئورتاق پايدىلىنىش توغرىسىدا ئۇزۇن مۇددەتلىك توختام تۈزۈپ، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى رېتسىپلىرى ۋە يەرلىك خام ئەشيالاردىن پايدىلىنىپ، پەن-تېخنىكا ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىپ، ئىشەنچلىك، ئۆزگىچە، يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارماقتا. نۆۋەتتە شىركەتنىڭ «چىن نۇرى»، «غۇنچە»، «ئالتۇن توي»، «سۆيۈنچە»، «شوخ-شوخ» قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى 200 خىلدىن ئاشىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە «چىن نۇرى» ماركىسى شىنجاڭنىڭ داڭلىق ماركىسى بولدى. شۇڭا سۇلتان زاۋۇتىنىڭ يۈرۈشلۈك مەھسۇلاتلىرى رايونىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپلا قالماي يەنە خوشنا ئەللەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭمۇ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشمەكتە.

ھەلىمە تۇرسۇن خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 5 ـ سان

(ئومۇمىي 337 ـ سان)

# يېزا پەن - تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىنىدى.


## بۇ ساندا


### تېرىش پەرۋىش

كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ..........................ئاسىمگۈل ئابلىمىت (1)

قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ..........................مەمەت ھاشىم (3)

ئېگىز كۆممىقوناقنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ..........................گۈلنىسا ھارىپ (5)

### ئوغۇت تۇپراق

بۇغدايدىكى ئېلېمېنت كەملىك ئالامىتى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى .........ئاسىيەم سايىت (6)

تۇپراق ئۇنۇمدارلىقىنى كۆزىتىشتىكى ئەپچىل چارىلەر.......ئەمەتجان ئەخەت قاتارلىقلار (7)

بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى ..........................ئايتۇرسۇن قۇۋان (8)

خىمىيەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ..................رابىگۈل يۇنۇس (9)

يۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى..... چىمەنگۈل ساقاجىيوف قاتارلىقلار (10)

بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ..................ياقۇپ ئىمىر (11)

### باغۇەنچىلىك

قىزىل يەر شارى ئۈزۈمى كۆچىتىنىڭ پەرۋىشى ..................................يى شۇمى (13)

ئۆرۈكنى يازلىق باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ..........................مەمەت روزى (15)

مۇناقى ئۈزۈمنى يازلىق چاتاش ئۇسۇلى ..........................مەريەمگۈل يۈسۈپ (16)

### ئۆسۈملۈك ئاسراش

شوخلىنىڭ بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .........نۇرئەلا ئەمەت (18)

ئالما ئۈزەك قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇللىرى..............ھۆرنىسا ئىمىن (19)

تەرخەمەك مايماق چۈشۈشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى .......ئاسىيەم رىشىت (23)

گازىر تاۋۇزدىكى قىروسمان پاختىلىشىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ..... مەختۇمخان بارات (25)

بۇغداي ئېتىزلىرىدىكى ياۋا ـ ئوت چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى .......روشەنگۈل لېتىپ (26)

مېۋىلىك دەرەخ قىزىل ئۆمۈچىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .........كەنجىنۇر توختى (27)

كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى ..........زەينەپ ئىساق (29)
بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار .....رىشىت مىجىت (31)
كۆكتات يوپۇرماق قات چۈشىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى .........رەيھانگۈل زەيدۇن قاتارلىقلار (32)


## سۇچىلىق


سۇلياۋ يوپۇق ئۇستىدىن سۇغىرىش ئۇسۇلى ...........................ئابدۇشۇكۇر مەخسۇم (34)
سۇ قۇرۇلۇش سۇپىتىنى باشقۇرۇشتا ئويلىغانلىرىم ............................بۇرابىيە داۋۇت (36)


## چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق


ئىنەكلەرنى سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە بېقىش - باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ....... مۇھەممەتربھىم ئابلىمىت (39)
چارۋا - ماللاردىكى تېتانۇس كېسىلىنى داۋالاش ئۇسۇلى ......................ئىمىن غوجى (41)
چارۋىلارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇللار.........................ئانگۈل ۋايىت (43)
يەم - بوغۇزدىن زەھەرلەنگەن چارۋىلارنى داۋالاش ..........................قۇربان يۇسۇپ (45)


## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى


تىراكتورنى كۆندۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار.........................قەمەر موللاھېلىم (47)
دان ئايرىش ماشىنىسىنى تاللاپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلى ........زورەگۈل ھەسەن قاتارلىقلار (48)
يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى.....گۈلباھار ئىنايەت (51)


## ئىگىلىك باشقۇرۇش


دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەد-
بىرلىرى ............................................. ئەلى ئۆمەر (52)


## قانۇن ئۆگىنەيلى


جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايالالرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى ...(55)


## بىلىۋېلىڭ


دېھقانلارنى يېيىشقا يېتەكلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار.........ئادىل بەكرى (57)
كەيپىياتنى تەڭشەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار ..........................ھەلىمە تۇرسۇن (60)



باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت
مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第5期
总337期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

## 栽培管理

玉米增产措施 …… 阿斯姆姑里·阿卜力米提(1)
甜瓜苗期栽培管理 …… 买买提·阿西木(3)
崔地玉米栽培方法 …… 古力尼沙·阿热甫(5)

## 土壤肥料

小麦缺之微量元素症状与补充方法 …… 阿斯艳·沙依提(6)
观察土壤肥力方法 …… 艾买提江·艾海提等(7)
复合肥的优点与缺点 …… 阿依图苏·库瓦尼(8)
购买化肥注意事项 …… 热比古丽·玉努斯(9)
豆类蔬菜施肥方法 …… 曲曼姑丽·沙卡吉尤甫等(10)
使用复合肥注意事项 …… 亚库甫·依米尔(11)

## 园艺特产

红地球葡萄栽培管理 …… 冶叔梅(13)
杏树夏季管理要点 …… 买买提·肉孜(15)
木纳格葡萄夏季修剪方法 …… 买热米古丽·玉苏普(16)

## 植物保护

番茄早期病害预防方法 …… 努热拉·艾买提(18)
苹果食心虫的防治方法 …… 吾尔尼萨·依明(19)
黄瓜异形结果原因及方法 …… 阿斯艳木·热西提(23)
打瓜霜霉病防治措施 …… 买合吐木汗·巴拉提(25)
麦田除草方法 …… 茹先古丽·力提甫(26)
果树红蜘蛛防治方法 …… 砍吉努尔·托合提(27)
棉花红蜘蛛防治方法 …… 再那甫·依沙克(29)
影响生物农药药效的因素 …… 热西提·米基提(31)
潜叶蝎防治措施 …… 热依汗古丽·再东等(32)

## 农田水利

地膜上灌方法 ………………………………… 阿不都西库尔·麦合素木(34)
管理水利工程质量几点想法 …………………… 布拉比亚·达吾提(36)

## 畜牧兽医

母牛断奶期饲养管理要点 …………………… 莫哈买提·热依木(39)
家畜破伤风治疗方法 ……………………………… 依明·胡吉(41)
辅助母蓄分娩方法 ……………………………… 阿尼古丽·瓦依提(43)
饲料中毒家畜治疗方法 ………………………… 库尔班·玉苏普(45)

## 农业机械

拖拉机磨合期注意事项 …………………… 凯买尔·毛拉也力木(47)
如何选购脱粒机 ……………………………………… 早热古丽·艾山等(48)
发生农机事故的主要原因 ……………… 古丽巴哈尔·依那也提(51)

## 农经管理

农民专业合作社存在的问题及解决措施 …………… 艾力·吾买尔(52)

## 法律常识

中华人民共和国妇女权益保障法 ……………………………………(55)

## 百科知识

引导农民致富注意事项 ………………………… 阿地力·白克尔(57)
调整情绪应注意要点 ………………………… 艾力曼·吐尔逊(60)



主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：艾尼瓦尔·买买提　　编辑：阿布来提·艾比布拉
地　　址：乌鲁木齐市南昌路403号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价：2.00元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004－1095
国内统一刊号：CN65－1046/S－W
邮政代码：58－123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：乌鲁木齐市农行南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：004601040000839

# كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى

ئاسىمگۈل ئابلىمىت
(يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

كۆممىقوناق پەرۋىشىنى تېخنىكىلىق تەلەپ بويىچە قىلمىغاندا بالدۇر زەئىپلىشىش، قۇرۇق شاخ بولۇش، دان پوچەك بولۇش، يېتىپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ ـ دە، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە مىقدارىغا تەسىر يېتىدۇ. ئېتىز تەجرىبىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، پەرۋىشىدە تۆت تۈرلۈك تېخنىكا تەدبىرىنى چىڭ تۇتۇش، نۇقتىلىق ھالدا «تۆتتىن ساقلىنىش» كېرەك:

1. يېتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش: كۆممىقوناقنىڭ يېتىپ كېتىشى غولى يېتىپ كېتىش، يىلتىزدىن يېتىپ كېتىش، سۇنۇپ كېتىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولۇپ، غول ئۆسۈش مەزگىلىدە ئوغۇتلاش، سۇغىرىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن زىيادە ئوغۇتلاش، پوپەك چىقىرىشتىن ئىلگىرى، كېيىن بوران چىقىش، يامغۇر يېغىش، ئۇرۇق بەك تېيىز تېرىلىپ قېلىش، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى چاچقاندا مايسا بەك زىچ بولۇش، غول ـ شاخلىرىنىڭ ئۇزىراش مەزگىلىدە سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، مۇۋاپىق بولماسلىق سەۋەبىدىن ئاسانلا يېتىپ كېتىپ، مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى: تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئاساسىي ئوغۇتنى كۆپەيتىپ بېرىش، كولتىۋاتسىيە قىلغاندا مۇۋاپىق توپا يۆلەش ئارقىلىق كۆممىقوناقنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. ئوغۇتلىغاندا ئازوتلۇق ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە تېرىش زىچلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە يوپۇرماققا ئاپتاپنىڭ يېتەرلىك چۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مايسىنى تېمەن ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. بالدۇر زەئىپلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولىدىغان رايونلاردا توختام سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئىشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، ئەگەر بالدۇر زەئىپلىشىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ياكى يوپۇرماق سارغىيىپ تۆكۈلسە، چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاش ياكى فوسفورلۇق ئوغۇت-

نى پۈركۈش كېرەك، بۇنداق قىلغاندا يوپۇرماقنىڭ يېشىل ۋاقتىنى ئۇزارتىپ، باشاقنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. مايسا مەزگىلىدە ئوتۇن ـ سامان كۈلى ياكى كالىي سۇلفات ئوغۇتىنى كۆپرەك بەرگەندە بالدۇر زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2. باشاقسىز (بىكار) شاخ بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مېنېرال ماددىلار يېتەرلىك بولماي، ئوزۇقلۇق ماددىلار تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلسا، باشاقنىڭ بۆلۈنۈش مەزگىلىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ ياكى بەك زىچ ئۆسكەن بولسا، يورۇقلۇقى ئاجىز بولۇپ، باشاقسىز شاخ پەيدا بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: تېرىش زىچلىقىغا دىققەت قىلىش، چوڭ قۇردىكى كۆممىقوناقلارنى قۇرنى ياپمايدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈپ، تۈپ ـ قۇر ئارىلىقىدىن ھاۋا ئۆتۈشۈشكە ۋە يورۇقلۇق چۈشۈشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. مۇۋاپىق پەيتتە ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە سۇ بىلەن تەمىنلەپ، باشاقنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئازوتلۇق ئوغۇت، فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مۇنبەتلىكى تۆۋەنرەك يەرلەرگە ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىش، مۇنبەت يەرلەردە مايسا مەزگىلىدە فوسفورلۇق ئوغۇتنى كۆپرەك بېرىپ، يىلتىز، غوللارنى تېمەن ئۆستۈرۈش كېرەك. باشاق يېتىلىش مەزگىلىدە قوشۇمچە ئوغۇتلاش، باشاق چىقىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مايسا ئەھۋالىغا قاراپ تولۇقلاپ ئوغۇتلاش، ئەگەر مايسا بەك زىچ ياكى ئاجىز بولسا ۋاقتىدا شالاڭلىتىش كېرەك.

3. پوچەك دان ياكى ئالا مەدەك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. تۇپراقتا فوسفورلۇق ئوغۇت كەمچىل بولسا كۆممىقوناق تۈپىنىڭ باشاق چىقىرىش، چېچەكلەش ۋە ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، باشاق ئۇچى قورۇلىدۇ، گۈل يىپچىلىرىنىڭ ئۇزۇرۇشىمۇ ئاستىلايدۇ. نەتىجىدە چاڭلىشىشقا تەسىر يېتىپ، پوچەك دان ياكى ئالا مەدەك بولىدۇ. تۇپراقتا كالىي كەمچىل بولسا، ئېرۇچان كاربون ـ سۇ بىرىكمىلىرىنىڭ دانغا توشۇلۇشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، داندىكى كىراخمالمۇ ئازىيىدۇ ياكى دەسلەپكى مەزگىلدە ھاشارات زىيىنىغا، بوران زىيىنىغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن كۆممىقوناق تۈپىنىڭ ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلىنىشى يېتەرلىك

# قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلىدىكى بېرۋىشى

مەمەت ھاشىم

(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. مايسا تولۇقلاش:** ئۇرۇق سۈپىتى ناچار، بىخلىنىش نىسبىتى تۆۋەن، تېرىش بەلۋېغىدىكى تۇپراقنىڭ نەملىكى مۇۋاپىق بولماسلىق، تۇپراق بەك قۇرغاق ياكى بەك نەم بولۇش، تېرىغاندىن كېيىن تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇش ياكى مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ئاخىرقى قىروۋ زىيىنىغا ئۇچراش، تېرىش سۈپىتى ناچار بولۇپ، بەك تېيىز ياكى بەك چوڭقۇر تېرىلىش، تېرىغاندىن كېيىن يامغۇر يېغىپ، ئۇۋا ئەتراپىدىكى توپا قېتىۋېلىپ، مايسىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ئېغىر بولۇپ، ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقالماسلىق ياكى بىخلانغاندىن كېيىن شورنىڭ تەسىرىدە نابۇت بولۇش، تېرىغاندىن كېيىن ئۇرۇقنى قۇش، چاشقان يەپ ياكى مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن يەر يولۋىسى، يىڭنە بولمايدۇ ياكى چېچەكلەش مەزگىلىدە يامغۇر ياغسا چاڭلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، كۆممىقوناق باشىقى ئۇچىنىڭ دانسىز بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: (1) سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق تولۇق چاڭلىنىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) پۆپۈك چىقارغان چاغدا قۇرغاقچىلىق بولسا، مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق مۇۋاپىق نەملىككە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (3) مۇۋاپىق قويۇقلۇقتا تېرىپ، ھاۋا ۋە يورۇقلۇق شارائىتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (4) فوسفورلۇق ئوغۇت، كالىيلىق ئوغۇتلارنى كۆپرەك بېرىپ، تەكشى ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، يېتەرلىك سۇ، ئوغۇت بىلەن تەمىنلەپ، ئاتا ـ ئانىلىق باشاقنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىش كېرەك؛ (5) جايلار شۇ ئۇرۇننىڭ شەرت ـ شارائىتىغا ماس كېلىدىغان سورتلارنى تېرىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك؛ (6) كۆممىقوناق كېپىنىكى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

نىسىمان سېرىق قۇرت قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش قاتارلىقلار مايسا كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇرۇقنى تېرىغاندىن كېيىنكى 15 ـ 20 كۈن ئىچىدە، مايسا بىر تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا، مايسا كەم ئۇۋىغا ئۇرۇقنى تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. ئۇرۇقنى تولۇقلاپ تېرىشتىن ئىلگىرى ئەڭ ياخشىسى سۇغا چىلاپ ۋە بىخلاندۇرۇپ ئاندىن مايسا كەم ئورۇنغا تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. تولۇقلاپ تېرىلىدىغان ئۇۋىنى ئەڭ ياخشىسى ئەسلىدىكى ئۇۋىدىن ئايرىپ تېرىپ، دەسلەپكى ئۇرۇق ئۈنۈپ چىقمىغان ئۇۋىدىكى ئۇرۇقنىڭ يۇمران بىخىنى زەخىملەندۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**2. مايسا تاقلاش:** مايسا بەلگىلەش: مايسا 1 ـ 2 تال ھەقىقىي يوپۇرماق چىقارغاندا، ھەربىر ئۇۋىدا 2 ـ 3 تۈپ مايسا قالدۇرۇپ، ئاجىزلىرىنى يۇلۇۋېتىش كېرەك. 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا مايسا بەلگىلەپ، ھەربىر ئۇۋىدا بىر تۈپتىن مايسا قالدۇرۇش كېرەك.

**3. چاغلاش ۋە ئوتاش:** مايسا بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن، تۈپ ئەتراپىدىكى تۇپىنى ئوتۇغۇچ بىلەن يۇمشىتىپ، تۇۋىگە توپا يۆلەپ، چۆنەك ئىچىدىكى ئوت ـ چۆپلەرنى ئوتاش كېرەك.

**4. ئوغۇتلاش:** قوغۇن مايىسى ئۈنۈپ چىققاندا مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا قاراپ، ھەر مو يەرنى بەش كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) بىلەن ئوغۇتلاش لازىم.

**5. سۇغىرىش:** مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن 35 ـ 45 كۈن ئىچىدە سۇغىرىشنى مۇۋاپىق كونترول قىلىپ مايسا ئۇلتۇرغۇزۇش كېرەك. مايسا ئۇلتۇرغۇزۇش ئاخىرلاشقاندىن ۋاقتىدا سۇغىرىش لازىم.

**6. پىلەك باستۇرۇش:** قوغۇن پىلىكى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندە (5 ـ 6 تال يوپۇرماق چىقارغاندا) پىلەك تاراشقا بىرلەشتۈرۈپ، تۈپ تۈۋىدىكى تۇپىنى يۇمشىتىپ، تۈۋىدىكى ئېرىق تاختىسىنىڭ بىر يېنىدىن گۈرجەك بىلەن بىر تال كىچىك ئېرىق چېپىپ، قوغۇن پىلىكىنى ئۇنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ، تۈپ تۈۋىدىن ئېرىققا يانداش تەرىپىگە توپا يۆلەش ياكى بىر تال چالما باستۇرۇپ قويۇش كېرەك. (05)

# ئېگىز كۆممىقونىقىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

گۈلنىسا ھارىپ
(كورلا شەھىرى قوشئېرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

**1. ئەلا سوپەتلىك سورتلارنى تاللاپ تېرىش:** شۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك شالغۇت 1 ــ ئەۋلاد سورتىنى تاللاپ، ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن ئاپتاپقا سېلىش كېرەك.

**2. يەر تەييارلاش:** بوغداينى يىغىۋېلىشتىن 5 ــ 6 كۈن بۇرۇن، ئۇسا قىلىنىشى، تېرىشتىن ئىلگىرى ھەر مو يەرگە 3 ــ 4 توننا ئورگانىك ئوغۇت 15 كىلوگىرام ئاممونىي فوسفات، بەش كىلوگىرام ئورىيا بېرىش كېرەك.

**3. تېرىش ئۇسۇلى:** (1) ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، بالدۇر تېرىش يەنى 6 ــ ئاينىڭ 25 ــ كۈنىدىن ئىلگىرى تېرىپ بولۇش كېرەك؛ (2) قۇر ئارىلىقى 50 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 25 سانتىمېتىر قىلىش، ھەر بىر ئۇۋىغا 4 ــ 5 تال ئۇرۇق سېلىپ، ھەر مودا 5500 ــ 6000 تۈپ مايسا قالدۇرۇش كېرەك؛ (3) ئۇرۇقنى ئوغۇت بىلەن بىرگە سالغاندا ئاممونىي فوسفات ئوغۇتىدىن بەش كىلوگىرام، ئوغۇت ئۇرۇقتىن بەش سانتىمېتىر يىراقتا، 7 ــ 8 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا بېرىلىشى كېرەك.

**4. پەرۋىشى:** ① مايسا ئۈچ يوپۇرماق مەزگىلىدە مايسا بەلگىلەش ھەم قۇر، تۈپ ئارىلىقىنى يۇمشىتىش كېرەك؛ ② بوغۇم تارتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بىرىنچى سۇيىغا بىرلەشتۈرۈپ ئورىيا ئوغۇتىدىن 12 ــ 15 كىلوگىرام بېرىش كېرەك؛ ③ ئادەتتە 7 ــ ئاينىڭ ئاخىرلىرى بىرىنچى سۈيىنى، 8 ــ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىككىنچى سۇيىنى، 9 ــ ئاينىڭ باشلىرى ئۈچىنچى سۇيىنى بېرىش، ئەگەر يەر قۇمساق بولسا تۆت قېتىم سۇغىرىش كېرەك.

**5. يىغىۋېلىش:** پىشىش ئەھۋالى ۋە بوغداي تېرىش ۋاقىت تەلىپىگە ئاساسەن 9 ــ ئاينىڭ ئاخىرلىرى ياكى 10 ــ ئاينىڭ باشلىرىدا يىغىۋېلىش كېرەك. (05)

# بۇغدايدىكى ئېلېمېنت كەملىك ئالامىتى ۋە تولۇقلاش ئۇسۇللىرى

ئاسىيەم سايىت
(توقسۇ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

بۇغداي تۆپلىرى نورمال ئۆسۈپ يېتىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلارغا، بولۇپمۇ ئازوت، فوسفور، كالىيغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ ئېلېمېنتلاردىن قايسى بىرسى كەم بولسا مېتابولىزم توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، تۆپلەر نورمال ئۆسۈپ يېتىلەلمەيدۇ، يىلتىز، غول، يوپۇرماق، چېچەك ياكى مېۋىسىنىڭ سىرتقى شەكلىدە كېسەللىك ھالىتى ئىپادىلىنىپ، مەھسۇلات تۆۋەنلەپ كېتىدۇ.

1. ئازوت كەمچىل بولغاندا، بۇغداي تۆپى پاكار، غولى قىسقا ھەم ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرماقلار تار ھەم كىچىك بولۇپ، يوپۇرماق رەڭگى ساغۇچ يېشىل بولىدۇ، ئاز تۆپلىنىپ، باشقى قىسقا، دېنى كىچىك بولۇپ قالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر مو بۇغدايىنى 30 ـ 40 كىلوگىرام ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

2. فوسفور كەمچىل بولغاندا، بۇغداي ئاستا ئۆسىدۇ، تۆپى پاكارلىشىپ، ئىنچىكە بولىدۇ، ئاز تۆپلىنىدۇ، كېچىكىپ باشاق چىقىرىدۇ، باشقى كىچىك، دېنى ئاز بولۇپ قالىدۇ، پىشىش ۋاقتىمۇ كېچىكىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، ھەر مو بۇغدايلىققا 10 ـ 20 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئازوتلۇق ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر قايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىللىرىدە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بېرىش لازىم.

3. كالىي كەمچىل بولغاندا غولى ئاجىز، ئىنچىكە بولۇپ، ئاسان يېتىپ كېتىدۇ، قالايمىقان تۆپلىنىدۇ، باشاق ئاز، دان پۇچەك بولىدۇ. يوپۇرماقلار ساغىرىپ، يوپۇرماق يۈزىدە بارا ـ بارا قارا داغلار شەكىللىنىپ، يوپۇرماق قۇرۇشقا باشلايدۇ. ئالدىنى ئېلىشتا، ھەر مو بۇغدايىنى مايسا مەزگىلىدە 3 ـ 5 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئازوتلۇق ئوغۇتقا ئارىلاشتۇرۇپ قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك. باشاق تارتىش ۋە دان تولۇش مەزگىللىرىدە كالىيلىق يوپۇرماق ئوغۇتلىرىنى يوپۇرماق يۈزىدىن تەكشى پۈركۈپ قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا مەھسۇلاتنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (05)

# تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى كۆزىتىشتىكى ئەپچىل چارىلەر

ئەمەتجان ئەخەت
(قەشقەر شەھىرى دۆلەتباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)
ئابدۇرېھىمجان مۇتەللىپ
(قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. تۇپراق رەڭگىگە قاراش: مۇنبەت تۇپراقنىڭ رەڭگى قېنىق بولىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراقنىڭ رەڭگى سۇسراق بولىدۇ.

2. تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا قاراش: مۇنبەت تۇپراقنىڭ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەتتە 60 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراقنىڭ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى بىرقەدەر نېپىز بولىدۇ.

3. تۇپراقنىڭ ئاغدۇرۇشچانلىقىغا قاراش: مۇنبەت تۇپراقنىڭ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، ئاغدۇرۇش ئاساس بولىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراقنىڭ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى تېيىز، يېپىشقاق بولۇپ، ئاغدۇرۇش تەسرەك بولىدۇ.

4. تۇپراقنىڭ پاتقاقلىشىش ۋە يېرىلىشىغا قاراش: مۇنبەت تۇپراق ئاسان پاتقاق بولمايدۇ، يېرىقلىرى كىچىك ھەم كۆپ بولىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراق ئاسانلا پاتقاق بولىدۇ ھەم ئاسان قېتىۋالىدۇ، يېرىقچىلىرى چوڭ ھەم ئاز بولىدۇ.

5. تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارىغا قاراش: مۇنبەت تۇپراققا سۇ ئاستا سىڭىدۇ. بىر قېتىم سۇغارسا 5 ـ 6 كۈنگىچە نەملىك ساقلىنىدۇ. ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراققا سۇ ئاسان سىڭمەيدۇ ياكى يېرىقتىن تېزلا سىڭىپ كېتىدۇ.

6. تۇپراق سۈيىگە قاراش: تۇپراق سۈيى يېپىشقاق بولسا، كۆن نۇرى چۈشكەندە يا ـ كى دەسسىگەندە چوڭ كۆپۈكچىلەر چىقسا مۇنبەت تۇپراق بولىدۇ. سۈيى سۈزۈك، كۆ ـ پۈك چىقمىسا ياكى كۆپۈك تېز تارقاپ كەتسە ئۈنۈمسىز تۇپراق بولىدۇ.

7. كېچىدە نەم تارتىش ئەھۋالىغا قاراش: كېچىدە نەم تارتسا، قۇرۇپ يەنە نەمدەلسە، ئاسانلىقچە قۇرىمىسا، قاتمىسا، مۇنبەت تۇپراق بولىدۇ. كېچىدە نەم تارتمىسا، ئاسانلا قېتىۋالسا ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراق بولىدۇ.

8. ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارىغا قاراش: ئوغۇت بىلەن تەمىنلىنىشى كۈچلۈك، ئو ـ غۇت تەركىبى يېتەرلىك ھەم ئۇزۇق ئۈنۈملۈك بولسا ياكى يوشۇرۇن ئوغۇت كۈچى يۇ ـ قىرى بولسا مۇنبەت تۇپراق بولىدۇ.

9. پەيدا بولغان ھاشاراتقا قاراش: ئېتىزلىقتا قۇلۇلە، لايغورەك، سازاڭ، چوڭ سۇلۇك قاتارلىقلار پەيدا بولسا، مۇنبەت تۇپراق بولىدۇ. چوڭ ـ كىچىك چۈمۈلە قاتارلىقلار پەيدا بولسا ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن تۇپراق بولىدۇ. (05)

# بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى

ئايتۇرسۇن قۇۋان
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئۈچ خىل ئاساسلىق ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتىنىڭ ئىككى ياكى ئۈچ خىلى بولىدۇ. خىمىيەلىك بىرىكتۈرۈلگەن ئىككى ئېلېمېنتلىق بىرىكمە ئوغۇتلاردىن ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵)، كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾) قاتارلىقلار بار. كالىي خلورىد ياكى كالىي سۇلفاتنى ئاساس قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئۈچ ئېلېمېنتلىق ئوغۇت ئارىلاشما ئوغۇت (混合肥) دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىكمە ئوغۇتلارنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى ئازوت، فوسفور، كالىيلارنىڭ پىرسەنتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوغۇت خالتىغا 15 ـ 15 ـ 15 دەپ يېزىلغان بولسا ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ ھەر بىرىنىڭ مىقدارى 15% بولغان ئۈچ ئېلېمېنتلىق بىرىكمە ئوغۇتنى بىلدۈرىدۇ. 0 ـ 40 ـ 15 بولسا، ئازوت 18%، فوسفور 40% بولغان بىرىكمە ئوغۇت ئىكەنلىكىنى، تەركىبىدە كالىي يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرىكمە ئوغۇتنىڭ ئارتۇقچىلىقى: (1) ئوزۇقلۇق تەركىبى مول، ئۈنۈملۈك تەركىبى يۇقىرى بولىدۇ؛ (2) دانىچىسى بىر قەدەر چىڭ، تەكشى، نەملىنىشچانلىقى تۆۋەن، ساقلاشقا، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولىدۇ؛ (3) قوشۇمچە تەركىبى ئاز بولۇپ، تۇپراق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تەسىر يەتكۈزمەيدۇ.

4. ئوغۇتلاش ئەمگىكىنى تېجەپ، ئوغۇتلاش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ. (05)

# خەمىرەۋى ئوغۇت سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

رابىگۈل يۇنۇس
(قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۈرۈك يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. خالتا تېشىدىكى چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلىش لازىم. ئوغۇتلارنىڭ خالتىلىرىغا مەھسۇلات نامى، تاۋار ماركىسى، ئوزۇقلۇق تەركىبى ياكى مەھسۇلات دەرىجىسى، ئۆلچەم نومۇرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسىنىڭ نومۇرى، زاۋۇت نامى، زاۋۇت ئادرېسى، تىزىملاش كىنىشكا نومۇرى قاتار-لىقلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

2. ئوغۇت سېتىۋېلىش تالونىنى ياخشى ساقلاش لازىم. تالون ياكى ھۆججەت سېتىۋېلىش - سېتىش مۇناسىۋىتىنى جەزملەشتۈرۈشنىڭ پاكى-تى، شۇنداقلا ماجىرا يۈز بەرگەندە ئەرز قىلىشنىڭ مۇھىم ئىسپاتى ھې-سابلىنىدۇ. شۇڭا ئوغۇت ئالغاندىن كېيىن، ساتقۇچى ئورۇندىن تالون ياكى ھۆججەت ئېلىۋېلىشنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك. تالونغا ئالغان ئوغۇتنىڭ نا-مى، مىقدارى، دەرىجىسى ياكى سانى، باھاسى قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ تولۇق يېزىلىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. ئەۋرىشكە ساقلاپ قويۇش لازىم. ئادەتتە سېتىۋالغان ئوغۇتنى ئازراق ئېلىپ سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاپ ساقلىغاندا، ئوغۇتتىن مەسىلە كۆرۈلگەندە مۇھىم ماددىي پاكىتلارنىڭ بىرى بولىدۇ. ئەگەر سېتىۋالماقچى بولغان ئو-غۇتنىڭ مىقدارى 1000 كىلوگىرامدىن يۇقىرى بولسا، تولۇق بىر خالتا ئوغۇتنى ئەۋرىشكە ئورنىدا ساقلاپ قويۇش زۆرۈر. بۇ ئەۋرىشكىنى ھاۋا ئۆ-تۈشۈپ تۇرىدىغان سالقىن، سايە، قۇرغاق جايدا ساقلاپ، ئەۋرىشكىنىڭ نەم تارتىپ قېلىش، شۇنداقلا ئاپتاپتا قېلىش سەۋەبلىك پارچىلىنىپ كېتىد-شىدىن ساقلىنىش كېرەك.

4. ئەگەر ئوغۇتنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، زىرائەتتە قۇرۇپ قېلىش ياكى نورمال ئۆسمەسلىك ھادىسىسى يۈز بەرسە، يۇقىرىدىكى ئىسپاتلارنى تولۇق ئېلىپ ئەرز قىلسا، بۇ مەسىلىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا پايدىسى كۆپ بو-لۇپ، بىھۇدە ئىقتىسادىي چىقىمنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. (05)

# يۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارنى ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

چىمەنگۇل ساقاجىيوف
(قەشقەر شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)
ماھىرە ئابلىز
(قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدىن)
ئابدۇرېھىمجان مۇتەللىپ
(قەشقەرشەھىرى بەشكېرەم يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

پۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلار ئاساسلىق چوكا پۇرچاق، دادۇر، خاسىڭ، يېسسى پۇرچاق، تۇكلۇك پۇرچاق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق هوسۇل ئېلىشتا ئۈنۈملۈك ئوغۇتلاش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ئىنتايىن مۇھىم.

1. ئېھتىياجغا قاراپ ئوغۇتلاش: پۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارنىڭ ئوق يىلتىزى تەرەققىي قىلغان بولۇپ يىلتىز تۈگىنىكى تۇپراقتىكى ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، تۇپراقنى ئۈنۈملۈك ئازوت بىلەن تەمىنلىسىمۇ، ئەمما پۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارنىڭ ئوغۇتقا ئېھتىياجى يۇقىرى بولۇپ فوسفور، كالىيغا بەكرەك ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا تۇپراقنى ئۈنۈمدارلىقىغا ئاساسەن ھەر موغا سۈپەتلىك تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتتىن 2000 ـ 2500 كىلوگىرام، پۇرچاق تۇرىدىكىلەرگە مەخسۇس بېرىلىدىغان ئوغۇتتىن 25 ـ 35 كىلوگىرامنى ئاساس ئوغۇت قىلىش لازىم.

2. ئوغۇتلاش پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ ئوغۇتلاش لازىم. پۇرچاق تۇرىدىكى كۆكتاتلارنى تېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىخلىنىپ يېتىلىش مەزگىلىگە كىرىدۇ. شۇڭا ئوزۇقلۇق تولۇقلاشقا دىققەت قىلىش يەنى، ئۇرۇق ئوغۇتى 1.5 قىلغاندا ھەر موغا 4 ـ 5 كىلوگىرام ئۈچ ئېلېمېنتلىق بىرىكمە ئوغۇتنى ئۇرۇق بىلەن ئايرىپ بېرىش لازىم. مايسا مەزگىلىدە يىلتىز تۈگۈنەك باكتېرىيەسىنىڭ ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇش رولى ئاجىز بولۇپ، مۇۋاپىق قوشۇمچە ئو-

# بىرىكمە ئوغۇتلارنى ئىشلىتىشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ياقۇپ ئۆمەر

(باي ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك مۇھىت كۆزىتىش پونكىتىدىن)

بىرىكمە ئوغۇتنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، ئوغۇت ئىشلەتكۈچىلەر ئوغۇت خالىتىسىدىكى چۈشەندۈرۈشكە ئاساسەن ئىشلىتىش كېرەك.

1. بىرىكمە ئوغۇت ئادەتتە ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت قىلىنىدۇ، مايسا كۆيۈپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۇرۇق ئوغۇتى ياكى يوپۇرماق قوشۇمچە ئوغۇتى قىلماسلىق كېرەك.

2. مەھسۇلات خالتىسىدا «تەركىبىدە خلور بار» ياكى «تەركىبىدە CI بار» دېگەن خەت بار بىرىكمە ئوغۇتلارنى «خلور چەكلىنىدىغان» زىرائەتلەرگە ۋە شورلۇق يەرلەرگە ئىمكانقەدەر ئاز ئىشلىتىش، ئەڭ ياخشىسى ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئۇ شال تېرىلغان سۇلۇق ئېتىزلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.چۈنكى خلور ئىيونى سۇ بىلەن بىللە ئاستىغا سىڭىپ، تۇپراقتا توپلىنىپ قالمايدۇ.

---

غۇتلىغاندا يۇمران مايسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ. شۇڭا مايسا مەزگىلىدە ھەر موغا يۇرچاق تۇرىدىكىلەرگە بېرىلىدىغان مەخسۇس ئوغۇتتىن 8 ـ 10 كىلوگرام بېرىش لازىم. چېچەكلەپ مېۋىلەش مەزگىلىدە ئوغۇتقا ئېھتىياجى تېخىمۇ ئېشىپ، ھەر موغا پۇرچاق تۇرىدىكىلەرگە بېرىلىدىغان مەخسۇس ئوغۇتتىن 30 كىلوگرامدىن يىلتىز يېنىغا چۆنەكلەپ ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

3. ئىككى ئوغۇتلاش پرىنسىپىنى ئىگىلەش: ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس، خىمىيەۋى ئوغۇتنى قوشۇمچە، ئاساسىي ئوغۇتنى ئاساس، قوشۇمچە ئوغۇتنى قوشۇمچە قىلىپ ئوغۇتلاپ، يوپۇرماق يۈزىدىن ئوغۇتلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

3. مەھسۇلات خالتىسىدا «تەركىبىدە خىلور بار» ياكى «تەركىبىدە CI بار» دەپ ئىزاھلانمىغان بىرىكمە ئوغۇتلارنىڭ تەركىبىدە ئاممونىي خىلو-رىد بىلەن كالىي خىلورىد بولمايدۇ، باھاسى بىرقەدەر قىممەت بولۇپ، ئىق-تىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ياكى خىلور چەكلىنىدىغان زىرائەتلەر (مېۋىلىك دەرەخ ۋە تۈگۈنەك يىلتىزلىق زىرائەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچگە ئالىدۇ) گە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شورلۇق يەرلەرگە بۇ تۈردىكى بى-رىكمە ئوغۇتلار ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولىدۇ.

4. مەھسۇلات خالتىسىدا «لىموندا ئېرىشچان فوسفور» دەپ ئىزاھلانغان بولسا، بۇ مەھسۇلاتتا سۇدا ئېرىشچان فوسفور مىقدارىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، مەھسۇلاتنىڭ كىسلاتالىق تۇپراققا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

5. مەھسۇلات خالتىسىدا «لىموندا ئېرىشچان فوسفور» دەپ ئىزاھلانمى-غان بولسا، بۇ مەھسۇلاتتا سۇدا ئېرىشچان فوسفور مىقدارىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بۇ خىل بىرىكمە ئوغۇتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى تۇپراق ۋە زىرائەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

6. مەھسۇلات خالتىسىدا «تەركىبىدە نىترات ھالەتتىكى ئازوت بار» دەپ ئىزاھلانغان بىرىكمە ئوغۇتلار سۇلۇق ئېتىز تۇپراقلىرىغا مۇۋاپىق كەلمەي-دۇ، شۇڭا بۇنداق ئوغۇتلارنى ئامال بار ئىشلەتمەسلىك كېرەك. ئومۇمەن ئېيتقاندا «تەركىبىدە نىترات ھالەتتىكى ئازوت بار» بىرىكمە ئوغۇتلار، تەركىبىدە ئازوت بولغان ئوخشاش دەرىجىلىك باشقا بىرىكمە ئوغۇتلاردىن قىممەت بولىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئوغۇتلار ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بىرقەدەر يۇقى-رى بولغان زىرائەتلەرگە ئىشلەتسە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

7. مەھسۇلات خالتىسىدا «تەركىبىدە نىترات ھالەتتىكى ئازوت بار» دەپ ئىزاھلانمىغان بىرىكمە ئوغۇتلار سۇلۇق ئېتىز ۋە بىنەم ئېتىز زىرائەتلە-رىگە ئىشلەتسە مۇۋاپىق كېلىدۇ. (05)

# قىزىل يەر شارى ئۈزۈمى كۆچىتىنىڭ پەرۋىشى

يى شۈمى
(غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا مەركىزىدىن)

**1. شاخ ـ غوللىرىنى يېتەكلەش:** يېڭى تىكىلگەن ياش كۆچەت شۇ يىلى بىخ سۈرۈپ يېڭى نوتىسى 40 ـ 50 سانتىمېتىر ئۆسكەندىن كېيىن، ھاشالاپ يېتەكلەشكە توغرا كېلىدۇ، ھاشا ئېگىزلىكى 1.2 ـ 1.5 مېتىر بولسا بولىدۇ. بىرىنچى قېتىم كۆچەت تۈۋىدىن 20 ـ 25 سانتىمېتىر جايدىن باغلاش، ئىككىنچى قېتىم يېڭى نوتىسى 90 ـ 100 سانتىمېتىر بولغاندا باغلاش لازىم. باغلاشقا پاختا رەخت پۈرۈچلىرى، چىگە، تانا ۋە سۇلياۋ لېنتىلارنى ئىشلىتىش كېرەك. باغلاش مۇستەھكەم بولۇشى، لېكىن مۇئەييەن بوشلۇق قالدۇرۇلۇش ئارقىلىق يوغىناپ ئۆسۈشكە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

**2. ئۈچ بەلگىلەش:** ئۈچ بەلگىلەش دەرەخ گەۋدىسىنىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىنىشىنى تەڭشەيدۇ. بىخ 1 ـ 2 سانتىمېتىر ئۆسكەندە ھەربىر بىخ كۆزىدىن بىر دانە توق بىخنى قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى ئېلىۋېتىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا يېڭى نوتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. رايونىمىزدا ھەمىشە ئاخىرقى قىروۋ چۈشىدۇ ۋە بوران چىقىدۇ، ئۈچ بەلگىلەشتە بۇ ئامىللارنى كۆزدە تۇتۇپ، بىخ يۆلەش مەزگىلىنى مۇۋاپىق كېچىكتۈرۈپ ياكى قېتىملارغا بۆلۈپ ئۈچ بەلگىلەش زۆرۈر. ئىككىنچى قېتىملىقىنى بىخ سۈرگەندىن كېيىن تاكى يوپۇرماق چىقارغىچە بولغان مەزگىلدە ئېلىپ بېرىپ، ئاجىز بىخلارنى، مۆرەككەپ بىخلارنى يىمىرىۋېتىش كېرەك. ئۈچىنچى قېتىمدا يېڭى نوتىلار 10 ـ 20 سانتىمېتىر ئۆسكەندە، 4 ـ 5 تال يوپۇرماق چىقارغاندا تىمەن شاخلارنى تاللاپ قالدۇرۇش، ئاجىز شاخلارنى، تەكرار بىخلانغان ئاجىز بىخلارنى ئېلىۋېتىش لازىم. قالدۇرىدىغان بىخ ئۆسۈپ 4 ـ 5 يوپۇرماق چىقارغاندا، ئاساسىي غولنى يېتەرلىك قالدۇرغاندىن كېيىن قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى چاتنىۋېتىش كېرەك. يېڭى ئۈچ ئۆسۈپ گۈل رېتى بار ـ يوقلۇقىنى پەرق ئەتكىدەك بولغاندا «بەشنى قالدۇرۇش، بەشنى قالدۇرماسلىق»، «تۆت كۆپ، تۆت ئاز بولۇش»، «تۆتكە دىققەت قىلىش» پرىنسىپىغا دىققەت قىلىش لازىم. «بەشنى قالدۇرۇش، بەشنى قالدۇرماسلىق» دېگىنىمىز ــ بالدۇرقىسىنى قالدۇرۇش، تى-

مەننى قالدۇرۇش، ئاجىزنى چاتاش، مېۋىلىگەننى قالدۇرۇش، پۇچەكنى چاتاش، يۇقىرىسىدىكىنى قالدۇرۇش، تۆۋەندىكىسىنى قالدۇرماسلىق، ئەپىلىكلەرنى قالدۇرۇش، قىسىلىپ قالغانلىرىنى چاتاشتىن ئىبارەت. «تۆت كۆپ، تۆت ئاز بولۇش» دېگىنىمىز ـــ يەر كۈچلۈك، ئوغۇت، سۇ يېتەرلىك، دەرىخى تىمەن، باراڭ يۈزى چوڭلىرىنى كۆپ قالدۇرۇش، ئەكسىچە بولغانلىرىنى ئاز قالدۇرۇشتىن ئىبارەت. «تۆتكە دىققەت قىلىش» دېگىنىمىز ـــ شاخ ـ نوتىلارنىڭ تەكشى تارقالغانلىقىغا دىققەت قىلىش، تىمەن شاخلارنى قالدۇرۇشقا دىققەت قىلىش، قېرى غوللارنىڭ تاقىر باش بولۇپ قېلىپ، مېۋىلەيدىغان ئورنىنىڭ سىرتقا يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قېرى غولنىڭ ئۆز ۋاقتىدا يېڭىلىنىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

**3. ئۇچىنى ئۈزۈش:** يېڭى بىخ ئۆسۈپ 8 ـ 12 تال يوپۇرماق چىقىرىپ، ئۈزۈنلۈقى تەخمىنەن 1 ـ 1.5 مېتىرغا يەتكەندە، يۇمران ئۇچىدىن 4 ـ 5 سانتىمېتىر ئۈزۈۋېتىش كېرەك. ئادەتتە ئۇچىنى ئۈزۈش ئاساسىي غولنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، شاخ ـ غوللارنىڭ يوغىناپ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، شاخ ـ نوتىلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولىدۇ.

**4. قوشۇمچە بىخلارنى باشقۇرۇش:** يېڭى بىخلارنىڭ ئۆسۈشى ۋە ئۇچىنى ئۈزۈشكە ئەگىشىپ، قوشۇمچە بىخ كۆپىيىپ ئۆسۈشى تېزلىشىدۇ. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا باشقۇرمىسا باراڭ باراقسانلىشىپ، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتى ناچارلىشىدۇ. ئوزۇقلۇق ماددىلار ئىسراپ بولۇپ، ئاسانلا كېسەللىك ھاشاراتلىرىنىڭ زىيانداشلىقى يۈز بېرىدۇ. كۆچەتلەرنىڭ يېڭى ئۇچى يېتەرلىك ئۈزۈنلۈقتا ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇچىنى ئۈزۈۋېتىش، قوشۇمچە ئۇچتىن 3 ـ 4 يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۇچىنى تەكرار ئۈزۈشتىن تاشقىرى، باشقىلىرىدا 1 ـ 2 يوپۇرماق قالدۇرۇپ تەكرار ئۇچىنى ئۈزۈش، بولۇپمۇ باراقسان ئۆسكەن كۆچەتلەرگە نىسبەتەن ئۇچىنى ئۈزۈشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.

يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئاساسىي غولى يېتەرلىك بولمىغاچقا، ئۇچى ئۈزۈلگەندىن كېيىن قوشۇمچە شاخلارنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى باراقسان بولىدۇ. بۇنداق چاغدا تەكشى قىسمىدىكى بىرقەدەر تىمەن قوشۇمچە بىخلارنى مۇۋاپىق قالدۇرۇپ، ئاساسىي غول قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، مول ھوسۇل مەزگىلىگە بالدۇرراق كىرىشىنى تېزلىتىش كېرەك. (05)

# ئۆرۈكنى يازلىق باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

مەمەت روزى

(كۇچا ناھىيە چىمەن بازارلىق ئورمان پونكىتىدىن)

1. پەرۋىشى: 5 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى ئۆرۈك دەرىخى باراقسان ئۆسىدىغان، گۈل بىخلىرى بۆلۈنىدىغان ۋە مېۋىسى يېتىلىدىغان مەزگىل بولۇپ، ھەر تۈپ مېۋىلىگەن دەرەخنى 100 گىرام ئورىيا (尿素) غا مېۋىلىك دەرەخكە مەخسۇس ئىشلىتىدىغان بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) تىن 200 ـ 300 گىرام قوشۇپ ئوغۇتلاش لازىم، 6 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرى مېۋىسىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر تۈپىنى 200 ـ 300 گىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاپ ۋاقتىدا سۇغىرىش كېرەك. چېچەكلەپ 20 كۈندىن كېيىن ئۈششاق، غەيرىي شەكىلدىكى، كېسەللەنگەن مېۋىلەرنى ۋاقتىدا شاللىۋېتىش كېرەك. ئادەتتە قىسقا مېۋە شاختا بىر تال، ئوتتۇرا مېۋە شاختا 2 ـ 3 تال (ئىككى مېۋىنىڭ ئارىلىقى 4 ـ 5 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ) مېۋە قالدۇرۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى 3000 كىلوگىرام ئەتراپىدا كونترول قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

2. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ئۆرۈكتە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلاردىن كۆپرەك يېلىم ئېقىش كېسەللى، كۆكپېت، قاسراقلىق قۇرت، ئۆرۈك مېغىز ھەرىسى، مېغىز قۇرتى، كۆپ تۈكلۈك كىچىك پوستلاقخور قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرىلىرىدا كاربىندازىم (多菌灵) غا پۈشى يا (扑佩蚜) نى قوشۇپ بىر قېتىم چېچىپ، كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. يەنە كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشارات كۆرۈلسە 15 ـ 20 كۈندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنى مۇۋاپىق چېچىش كېرەك.

4. يازلىق چاتاش: ياش كۆچەتلەرنى يېڭى شاخنىڭ ئۈچىنى ئۈزۈش ئارقىلىق مېۋە شاخ تەربىيەلەپ، دەرەخ تاجىنىڭ بالدۇر شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كۈچلۈك ئۆسكەن يېڭى شاخلارنىڭ ئۈچىنى ئۈزگەندە كۆچەتلەرنىڭ بالدۇر مېۋىگە كىرىشىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ. دەسلەپكى مېۋىلەش مەزگىلىدە چاتىغاندا ئاساسلىقى زىچ ئۆسكەن دۇمبە شاخ ۋە ئىچىگە ئۆسكەن ھارام شاخلارنى شاللىۋېتىپ، كۈن نۇرى ۋە ھاۋا ئۆتۈشچانلىقىنى ياخشىلاش لازىم.(02)

# مۇناقى ئۈزۈمنى يازلىق چاتاش ئۇسۇلى

مەريەمگۈل يۇسۇپ
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن)

مۇناقى ئۈزۈمنى يازلىق چاتاش ئارقىلىق، شاخلىرىنى بار ئىگىلىگەن بوشلۇقتىن ۋە يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆسۈش بىلەن مېۋىلەش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى غورىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئۈزۈم سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

1. بىخ يىمىرىش ۋە شاخلارنى مۇقىملاشتۇرۇش: مۇناقى ئۈزۈم يېڭى بىخ چىقارغاندا بىر بىختىن بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە بىخلار كۆكلەپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قوش بىخ ۋە ئۈچ بىخ ئىچىدىكى كىچىكرەك بىخلارنى ياكى ئىككىسىنى ئېلىۋېتىش ھەمدە كونا شاخلاردىكى كېرەكسىز بىخلارنى يىمىرىۋېتىش كېرەك. بىخنى ئەڭ ياخشىسى بەش يوپۇرماقتىن تۆۋەن ۋاقىتتا قولدىلا سىيرىۋەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. مۇناقى ئۈزۈمنىڭ نوتىسى 10 سانتىمېتىر ئۆسكەندە غۇنچە كۆرۈنىدۇ، بۇ ۋاقىتتا غۇنچە يوق شاخلارنى ئورنىغا قاراپ ئېلىۋېتىش يەنى ئوخشاش بىر شاختا ئۆسكەن نوتىلار كۆپ بولسا، ئۈچى ھەمدە بىرنەچچە نوتىلار ئۆز ئارا چىرمىشىپ قالسا كېسىۋېتىش لازىم. 5 ـ 7 ـ ئاي ئۈزۈم بوك باراقسان ئۆسۈشكە باشلىغان مەزگىل بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا يەنە بىر قېتىم زىچ ئۆسكەن شاخ ۋە مېۋە شاخلارنى شالاڭلىتىش لازىم.

2. يېڭى نوتىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈش: يېڭى نوتىنىڭ تېز ئۆسۈش ۋاقتى دەل غورىلاش ۋاقتىغا توغرا كېلىپ، ئىككىسى ئوزۇقلۇق تالىشىدۇ، شۇڭا مۇناقى ئۈزۈم چېچەكلەشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن يېڭى نوتىلارنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتسە، ئوزۇقلۇقنىڭ كۆپ قىسمى چېچەكلەش ۋە مېۋە بېرىشكە سەرپ قىلىنىپ، يوپۇرماقنىڭ چوڭىيىشى تېزلىشىدۇ. بىر ساپ ئۈزۈمنى 1514 كىچە يوپۇرماق باقىدۇ، شۇڭا يوپۇرماقنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىش كېرەك. غولدىكى ئۈزۈۋاتقان شاخلار بىلەن ئوزۇقلۇق شاخلارنىڭ ئۇچى 15 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۈزۈلىدۇ. ئۇندىن باشقا 30 سانتىمېتىر ئۆسۈپ ئۈزۈم بولۇپ ئۆسۈشتىن توختاپ قالغان شاخلارنى ئېلىۋېتىش لازىم. چۈنكى بۇنداق نوتىلاردىكى ئۈزۈملەر سارغىيىپ دېنى سۇپەتسىز بولىدۇ، مۇناقى ئۈزۈم 10 تال يوپۇرماق چىقارغاندا قوشۇمچە نوتىلار شەكىللىنىدۇ. نوتىلارنىڭمۇ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتمىسە كېلەر يىللىق مەھسۇلاتقا تەسىر يېتىدۇ. قوشۇمچە نوتىلارنى مېۋە بەرگەن شاختا ئۈزۈم ساپىقىنىڭ تۆۋىنىدى-

كىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىش، ساپاقتىن كېيىنكىسىنىڭ 1 ـ 2 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۈچىنى ئۈزۈش، مېۋە بەرمىگەن شاخلارغا نىسبەتەن ئۈچىدىن 1 ـ 2 تال يوپۇرماق قالدۇرۇپ ئۈچىنى ئۈزۈۋېتىش كېرەك.

3. گۈل رېتىنى ۋە مېۋىسىنى شالاڭلىتىش: بۇ ئاساسەن تۈپنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش، مېۋىلەش نىسبىتىنى يۇقىرىلاش ۋە مېۋىسىنى يوغىنىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۆلچەملىك دان 10 ـ 12 گىرامغىچە، بىر ساپتا 100 ـ 120 تالغىچە دان، بىر كىلوگىرام ئەتراپىدا ئۈزۈم بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. مېۋىنى چېچەكتىن بۇرۇن شالاڭلاتسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كىچىك، ئاجىز ئۆسكەن گۈل رېتى ئېلىۋېتىلىدۇ، ئاجىز شاختىكى ھەددىدىن كۆپ غول رېتى شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ. چوڭ ياكى بىرقەدەر چوڭ ساپنىڭ 1/2 ياكى 1/3 قىسمى ئېلىۋېتىلىدۇ. ساپاق چوڭ بولۇپ ئىچكى قىسمىنىڭ رەڭگى كۆك، توشۇشقا چىدامسىز بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ساپاق ئارىسىدىن گۈل ۋە مېۋە شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ. بىر شاختا ئىككى ساپ ئۈزۈم بولسا بىرسى ئېلىۋېتىلىدۇ. ئادەتتە چېچەكلەشتىن بۇرۇن ياكى چېچەكلەش ۋاقتىدا شالاڭلاتمىسا ئۈزۈم تېرىقچىلىك چوڭلۇقتىن قوناقچىلىك بولغۇچە شالاڭلىتىش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قەتئىي ساپنى تۇتۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۈزۈم دېنىنىڭ سىرتىدا بىر قەۋەت ماددا بولۇپ، ئۇنى تۇتۇپ بۇزۇۋەتسە ئۈزۈم ئاپتاپتا كۆيۈپ كېتىدۇ، قارىدايدۇ خالدان بۇلۇتقا ئوخشايدۇ، ئۈزۈم قوناقتەك بولغاندا خالدان قونۇشقا باشلايدۇ. ئۆلچەملىك ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، بىر تۈپ ئۈزۈمدە 20 ـ 30 قىچە ساپ قالدۇرۇش، ھەربىر ساپ بىر كىلوگىرامدىن ئاشماسلىق لازىم.

4. شاخلارنى باغلاش ۋە يۆگىمەچلىرىنى ئېلىۋېتىش: بۇ ئۈزۈمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 2 ـ 3 قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. يۆگىمەچ، ئەسلىدە مېۋە شەكىللەنمەكچى بولغان، ئەمما مېۋە بولالمىغان ساپاق بولۇپ، مېۋىسى يوق شاخلاردا بەش يوپۇرماقتىن كېيىن يۆگىمەچ بولۇپ كېتىدۇ، يۆگىمەچ ئوزۇقلۇق ماددىلارنى خورىتىۋېتىدۇ ۋە يېڭى نوتا بىلەن مېۋىگە يۆگىشىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆرگەن ھامان ئېلىۋېتىش لازىم. يېڭى نوتىلارنى باغلىغاندا شاخ تەكشى تارقىلىپ يورۇقلۇق، ھاۋا تەكشى ئۆتۈشۈپ، ئۈزۈم تۈپىنىڭ كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، مېۋىسىنىڭ رەڭ ئېلىشىنى ياخشىلاپ، ئەلا سۈپەتلىك ئۈزۈم ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. (03)

# شوخلىنىڭ بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

نۇرئەلا ئەمەت
(يېڭىسار ناھىيە چولپان يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

شوخلىنىڭ بالدۇر يۇقۇملىنىش كېسىلى نۆۋەتتە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئومۇميۈزلۈك تارقىلىپ، شوخلىنىڭ پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ ياز ۋە كۈز پەسلىدە پەمىدۇر راسا مېۋىلىگەن چاغدا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** ئاساسلىقى يوپۇرماققا زىيان سېلىپ، باشقا قىسمىدا ئاز پەيدا بولىدۇ. يوپۇرماق زىيانغا ئۇچرىغاندا، ئالدى بىلەن سۇ-غا چىلاپ قويغاندەك قوڭۇر رەڭلىك كىچىك داغلار ھاسىل بولىدۇ، كېيىن تەدرىجى كېڭىيىپ، دىيامېتىرى 1 - 2 سانتىمېتىر كېلىدىغان يۇمىلاق ياكى سوقىچاق كېسەللىك دېغىغا ئايلىنىدۇ. كېسەللىك دېغىنىڭ ئەتراپى قېنىق، ئوتتۇرىسى سۇس رەڭدە بولۇپ، سەل ئولتۇرۇشقان بولىدۇ، مەر-كەزداش ھالقىسىمان سىزىقى روشەن كۆرۈنىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە سىرتقى گىرۋىكى سېرىق رەڭدە بولىدۇ، نەملىك يۇقىرى بولسا قوڭۇر رەڭلىك تىۋىتسىمان ماددا ھاسىل قىلىدۇ. كېسەللەنگەن يوپۇرماق ئاسانلا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ ۋە مېۋىسى كۆرۈنۈپ قېلىپ ئاپتاپتا كۆيۈش كېسەللى-كىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. غول ۋە مېۋىسىدىكى كېسەللىك ئالامەتلىرى يوپۇرماقتا پەيدا بولغان كېسەللىك ئالامىتىگە ئوخشىشىدۇ، كېسەللەنگەن مېۋە بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** كېسەللىك مىكروبى زەمبۇرۇغ يىپچە-سى ۋە بۆلۈنمە سپورىسى ئارقىلىق كېسەللىك قالدۇقى ۋە ئۇرۇق ئۈستىدە قىشلايدۇ. شارائىت مۇۋاپىق كەلسىلا بۆلۈنمە ئىسپورا شامال ۋە يامغۇر ئارقىلىق تارقىلىپ پارازىت خوجىسىنىڭ ھاۋا تۆشۈكچىسى، زېدە ئېغىزى ۋە پوستىدىن بىۋاسىتە يۇقۇپ، كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. كېسەللەنگەن ئو-رۇندا كۆپ مىقداردا بۆلۈنمە سپورا ھاسىل قىلغاندىن كېيىن يەنە تەكرار يۇقۇشنى پەيدا قىلىدۇ. تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك يۇقىرى بولسا، ئېتىز پەر-ۋىشى ياخشى بولمىسا شوخلىنىڭ ئۆسۈشى ئاجىز بولۇپ، كېسەللىك ئې-غىر پەيدا بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) كېسەللىككە قارشى تۇرالايدىغان سورتلارنى تاللاپ تېرىش ۋە ئۇرۇقنى دورىلاپ تېرىش كېرەك. پىدىگەن ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەر تېرىغان يەرلەرنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق

# ئالما ئۆرەك قۇرتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى

ھۆرنىسا ئىمىن
(ئاۋات ناھىيە يېڭىئېرىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

ئالما ئۆرەك قۇرتى تەڭگىچە قاناتلىقلار ئەترىتىنىڭ يوپۇرماق پۇرلاشتۇرغۇچى كىچىك پەرۋانە ئائىلىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ لىچىنكىسى مېۋىنى تېشىپ زىيان سالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئالمىنىڭ مېغىز قۇرتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** ئالما ئۆرەك قۇرتى (مېغىز قۇرتى) نەشپۈت، قوم ئالما، بېيە، شاپتۇل، بادام، ئۆرۈك قاتارلىقلارغا ئېغىر زىيان سالىدۇ، زىيان سالىدۇ. بىر دانە لىچىنكا ئۆز ھاياتىدا ئىككىدىن ئارتۇق مېۋىنى يەپ زىيان سېلىشى 50% ئەتراپىدا بولىدۇ، ئىككىنچى ئەۋلادىنىڭ 80% تىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئېغىر زىيان سالغان يىللىرى پۈتۈن باغ بويىچە ساق مېۋە قالمايدۇ.

**2. ياشاش ئادىتى:** بۇ ھاشارات جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلىغا ئۈچ ئەۋلاد،

نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، ئېتىز پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، فوسفورلۇق ۋە كالىيلىق ئوغۇتنى كۆپ بېرىش، تىمەن مايسا يېتىشتۈرۈش لازىم؛ (2) بالدۇر بايقالغان كېسەللەنگەن يوپۇرماق ۋە كېسەللەنگەن تۈپلەرنى ئۆز ۋاقتىدا يۇلۇپ، بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈش لازىم؛ (3) كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بوردو سۇيۇقلۇقى (波尔多液) ياكى 70% لىك مېتىل توپسىن (甲基托布津) دورىسىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 75% لىك تېرمىل (百菌清) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 600 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 64% لىك ساندوفان (杀毒矾) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 80% لىك تىرىزمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 50% لىك باۋستىن (多菌灵) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 77% مىس گىدروكسىد (可杀得) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 50% روۋرال (扑海因) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ چېچىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، 45% لىك تېرمىل ئىسلاش دورىسىدىن 200 ـ 250 گىرام ئېلىپ ھەر مو يەردىكى پارنىكنى 4 ـ 6 سائەت ئىسلىسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (03)

شىمالىي شىنجاڭدا يىلىغا ئىككى ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. قىرىغان لىچىنكىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كونا قوۋزىقى ئاستىدا غوزەك ياساپ، شۇنىڭ ئىچىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. رايونىمىزدا بىرىنچى ئەۋلادنىڭ زىيىنى 5 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئىككىنچى ئەۋلادنىڭ زىيىنى 7 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئۈچىنچى ئەۋلادىنىڭ زىيىنى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ھەرقايسى ئەۋلادلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بولۇپمۇ ئىككىنچى ئەۋلادىدىن باشلاپ ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. كېلەر يىلى قىشتىن ئۆتكەن لىچىنكىلار 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىدىن باشلاپ قورچاقلاشقا ئايلىنىشقا باشلايدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قورچاقتىن يېتىلگەن ھاشارىتى چىقىپ، ئۆزئارا چېتىشىپ تۇخۇم سالىدۇ. 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تۇخۇمدىن لىچىنكىلار چىقىپ زىيان سېلىشقا باشلايدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى كۈندۈزى ھەرىكەتلەنمەي، پەقەت كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ھەرىكەتلىنىپ چېتىشىدۇ. ھەربىر چىشى ھاشارات پۈتكۈل ھاياتىدا 40 ـ 140 دانىغىچە تۇخۇم سالىدۇ. تۇخۇمنى كۆپىنچە مېۋە يۈزىگە ۋە مېۋە تۇتقان شاختىكى يوپۇرماقنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تارقاق تۇغىدۇ. لېكىن تۇخۇم مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى ۋە كۈنگەي تەرەپلىرىدە كۆپرەك، ئاستى تەرىپىدە ۋە تەسكەي تەرەپلىرىدە ئازراق بولىدۇ. شۇڭا ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىشتا دورىنى دەرەخلەرنىڭ ئۈستى قىسمى، كۈنگەي تەرەپلىرىگە چېچىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. بىرىنچى ئەۋلادنىڭ لىچىنكىسى تۇخۇمدىن چىقىدىغان ۋاقتى 9℃ تىن يۇقىرى بولغان، ئۈنۈملۈك يىغىندا تېمپېراتۇرا 230℃ بولغان ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەل بىرىنچى ئەۋلاد لىچىنكىسىنى دورا چېچىپ يوقىتىشنىڭ ئەڭ ھالقىلىق پەيتى بولۇپ، بۇ 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ. تۇخۇمدىن يېڭىدىن چىققان لىچىنكا مېۋە پوستىغا تېشىپ كىرىپ، مېۋە گۆشىنى يەيدۇ، ئاندىن مېۋىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تېشىپ كىرىپ، مېۋىنىڭ پوستى ئاستىدا بىرىنچى قېتىم قاسىراق تاشلايدۇ. ھاشارات تېشىپ كىرگەن مېۋىنىڭ سىرتىدا قوڭۇر رەڭلىك ھاشارات مايىقى كۆرۈلىدۇ. (نەشپۈتكە زىيان سالسا قارا رەڭلىك مايىقى كۆرۈلىدۇ) لىچىنكىسى قىرىغاندىن كېيىن مېۋىدىن چىقىپ دەرەخلەرنىڭ كونا قوۋزاق ئاستىدا غوزەك

ھاسىل قىلىپ قورچاقتا ئايلىنىدۇ. يەنە بىر قىسىم قېرىغان لىچىنكىلار يىد-غۇۋېلىنغان مېۋىلەر بىلەن بىرگە ئىسكىلاتقا كىرىپ، مېۋە قاچىلانغان يېشىكلەر ئىچىدە قورچاقتا ئايلىنىپ، قىشنى ئۆتكۈزىدۇ ۋە باشقا جايلارغا تارقىلىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى:** (1) دېھقانچىلىق تەدبىر-لىرى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ① باغ تازىلىقىنى ياخشى ئىشلەپ، پەرۋىشىنى كۈچەيتىپ، باغلارغا تۆكۈلۈپ كەتكەن قۇرۇق مېۋى-لەرنى ۋاقتىدا يىغىپ، بىر يەرگە كۆمۈۋېتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم؛ ② مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەپ بىخ سۈرۈشتىن بۇرۇن، كونا قوۋزاقلارنى تۆۋىگىچە پاكىز قىرىش، بولۇپمۇ دەرەخنىڭ ئاچىماقلىرىنى پاكىز قىرىش كېرەك. تۆشۈك ۋە يېرىقچىلارنى لاي بىلەن ئېتىش ۋە ياكى ئاقارتىش، قىر-رىپ چۈشۈرۈۋەتكەن قوۋزاقلارنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش لازىم؛ ③ سىرتقى قىسمىدا ھاشارات مايىقى كۆرۈلگەن مېۋىلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈش لازىم؛ ④ قېرىغان لىچىنكىلارنىڭ يوشۇرۇ-نۇپ قورچاقتا ئايلىنىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دەرەخ غولىنىڭ يەر يۈ-زىدىن 20 ـ 30 سانتىمېتىر ئېگىز قىسمىغا تاغار پارچىسى، ئەسكى لاتىلار، ئوت ـ چۆپ پاخاللارنى بەلباغسىمان يۆگەپ، ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يىغىلغان لىچىنكىلارنى بىر يەرگە كۆمۈۋېتىش ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. ئەمگەك كۈچىنى تېجەپ قېلىش ۋە ئۈنۈمگە كاپا-لەتلىك قىلىش ئۈچۈن يۆگىلىدىغان بەلۋاغلارنى 15% لىك د د ۋ بىلەن سالياركا (柴油) ئارىلاشمىسىغا چىلاپ، دورا سۈيۈقلۇقىنى تولۇق شۈمۈ-رۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن دەرەخ غولىغا ئىككى قەۋەت قىلىپ باغلاپ قويسا بولىدۇ، دورا ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يۆگەلگەن بەلۋاغ ئۈستىدىن بىر قەۋەت سولياۋ يۆگەپ قويسا بولىدۇ. ئەگەر يۆگىلىدىغان نەرسىلەر دورىغا تولۇق چىلانمىسا ياكى شامال، يامغۇرنىڭ تەسىرىگە ئۇچ-رىسا ھەر 15 كۈندە بىر قېتىمدىن سۈيۈقلاندۇرۇلغان دورىدىن ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا قۇيسا بولىدۇ، دورىنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: د د ۋ 150 گىرام، سالياركا بىر كىلوگىرام، سۇ بىر تونىنا بويىچە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. يۆگىلىدىغان بەلۋاغلار رايونىمىزدا 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈ-نىدىن بۇرۇن چوقۇم يۆگىلىپ بولۇشى، كېلەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرى-دىن بۇرۇن ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ كۆيدۈرۈلۈشى كېرەك. (2) بىيولوگىيە-

لىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش: ① ئالما ئۆزەك قۇرتىنىڭ جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمۇنى بىلەن مېۋىلەرگە قۇرت چۈشۈشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. بۇ دورىنى ئىشلىتىشتە كونسېرۋا قۇتىسى ئىچىـ ـگە ئاز مىقداردا سوپۇن پاراشوكى ئارىلاشتۇرغان سۇ قۇيۇپ، ھەر مو يەرگە ئۈچتىن توغرىلاپ ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتىكى دەرەخنىڭ ئۇستىدىكى كۆنگەي تەرىپىدىكى شېخىغا مۇقىم بېكىتىپ ئېسىپ بولغاندىن كېيىن، ھورمۇننى سۇ يۈزىدىن ئىككى سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئېسىپ قويسا ئەركەك ھاشاراتلارنى ئالداپ يوقاتقىلى بولىدۇ. ھەربىر قاچىغا ئىشلىتىلىـ ـدىغان جىنسىي جەلپ قىلىش ھورمۇنىنىڭ مىقدارى 50 ـ 100 گىرامغىچە بولسا بولىدۇ. شۇنداقلا ھەر 10 كۈندە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ قاچا ئىچىگە چۈشكەن ھاشاراتلارنى سۈزۈپ ئېلىۋېتىپ سۇ قۇيۇش، ئېسىلغان ھورمۇننى ھەر ئىككى ئايدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇش لازىم. بۇ خىل ئۇسۇل ھاشارات ئەھۋالىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە. (3) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: ئالما ئۆزەك قۇرتىنىڭ قىشتىن ئۆتكەن ئەۋلادىنىڭ كۆپلەپ يېتىلگەن ھاشاراتكە ئايلىنىش مەزگىلى ۋە بىـ ـرىنچى ئەۋلادىنىڭ لىچىنكىسى تۇخۇمدىن كۆپلەپ چىقىش مەزگىلىدە دورا چېچىش لازىم. بۇ دەل شاپتۇل، ئۆرۈكنىڭ گۈل بىخلىرى يوغانغان، ئەمما تېخى چېچەكلىمىگەن مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىت دەل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىرىنچى قېتىم دورا چېچىش مەزگىلىدۇر (شاپتۇل، ئالما، نەشپۈت، ئارىلاش تىكىلگەن باغلاردا ئالدى بىلەن شاپتۇلنى ئاساس قىلىپ ئالدىنى ئېلىش، ئاندىن نەشپۈت ۋە ئالمىنى نۇقتا قىلىپ دورا چېچىش لازىم. ئامال بار بۇ ئۈچ خىل دەرەخـ ـلەرنى ئارىلاش تىكمەسلىك كېرەك). بۇ ئارقىلىق يېڭى نوتا ۋە يۇمران مېـ ـۋىنى قوغداپ قالغىلى بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىملىق دورىنى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن 6 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە چېچىش كېرەك. ئۈچىنچى قېتىملىق دورىنى پەقەت ئالما، نەشپۈتلەرنى ئاساس قىلىپ چېچىش لازىم، بۇ 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا توغرا كېلىدۇ، تۆتىنچى قېتىملىق دورىنى 8 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىـ ـلىرى چاچسا بولىدۇ. دورا چېچىش قېتىم سانى ۋە ھاشاراتنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالى ۋە دورىنىڭ قالدۇق ئۈنۈم بېرىدىغان ۋاقتىغا قاراپ كونكرېت بېكىـ ـتىش كېرەك. (03)

# تەرخەمەك مايماق چۈشۈشنىڭ سەۋەبى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى

ئاسىيەم رىشىت

(كەلپىن ناھىيەلىك يېزا ئىگىلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە مەكتىپىدىن)

تەرخەمەكنىڭ تۆز ياكى مايماق چۈشۈشى ئۇنىڭ سۈپىتى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزىدۇ. تەرخەمەكنىڭ مايماق چۈشۈشىنى يورۇقلۇق ئاجىز، تۆۋەن تېمپېراتۇرا، ئوزۇقلۇق كەمچىل بولۇش قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ئۆستۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلىغاندىن باشقا يەنە مايماق تەرخەمەكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تېخنىكىسىنى قوللىنىش كېرەك: (1) سۈپەتلىك سورتلارنى تاللاش: تاق جىنسلىق مېۋىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك تەرخەمەك سورتلىرىنى تاللاش كېرەك؛ (2) ھورمۇن ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش: چېچەكلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، 30 مىللىگرام/ كىلوگرام گىببېرىللىن (920 赤霉素) ئېرىتمىسىنى ئەگرى تەرخەمەكنىڭ ئەگرى قىسمىغا سۈرسە، بىر نەچچە كۈندىن كېيىنلا تۈزلىنىدۇ؛ (3) بىرىتتىۋا بىلەن بىر تەرەپ قىلىش: چېچەكلەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئەگرى تەرخەمەكنىڭ دۈمبە قىسمىنى ئۇزۇنىغا بىر يول؛ توغرىسىغا 1 ـ 3 يول (چوڭقۇرلۇقى 0.5 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 2 ـ 5 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك) تىلىپ قويسا، ئەگرى خەمەكلەر تۈزلىنىدۇ ھەمدە كېسىلگەن يارا ئېغىزى ئەسلىگە كېلىپ پەرقلەنمەيدۇ؛ (4) يىپ چېگىش: تەرخەمەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانتىمېتىر بولغاندا، مايماق تەرخەمەكنىڭ ئۇچى قىسمىغا يىپ چېگىپ، ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى كىچىك كاھىش ياكى خىش پارچىسىنى ئېسىپ قويسا، تەرخەمەك چوڭىيىشقا ئەگىشىپ تۈزلىنىدۇ؛ (5) پەرۋىشنى كۈچەيتىش: ئوغۇت كەمچىل، تۇپنىڭ زىچلىقى چوڭ، يورۇقلۇق ئاجىز، ئوت ـ چۆپ كۆپ، ئوزۇقلىنىش يېتەرسىز، شۇنداقلا تۇپراق قۇرغاق بولغان ئەھۋالدا مايماق تەرخەمەك چۈشىدۇ؛ ئوزۇقلۇق سۈيى زىيادە كۆپ بولغاندا غول، يوپۇرماقلار زىيادە چوڭىيىش بىلەن مايماق تەرخەمەك چۈشۈش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. شۇڭا مۇۋاپىق پەرۋىش قىلىش، ئىلمىي ئوغۇتلاش، سۇنى ئاز قويۇش، تېمپېراتۇرا يۇقىرى مەزگىلدە سۇغىرىش ۋاقتى ئارىلىقىنى قىسقارتىش كېرەك. تۇپراق زىيادە قۇرغاق، زىيادە نەم بولغاندا كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيىنىنىڭ ئالدىنى

ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، مېۋىسىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (6) يوپۇرماقلارنىڭ بالدۇر ئاجىز-لىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش: ئوغۇتلاشتا، ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ۋە مىكرو ئوغۇت، ئورگانىك ئوغۇتلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. دەسلەپتە ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئازوتلۇق، فوسفورلۇق، كالىيلىق ئو-غۇتلارنى ئاساسىي ئوغۇت قىلىپ بېرىش، چېچەكلەپ مېۋىلىگەندىن كېيىن ھەر موغا مىكرو ئوغۇتتىن 20 كىلوگىرام ۋە بىرىكمە ئوغۇتتىن 20 ـ 30 كىلوگىرام بېرىپ، تەرخەمەك يىلتىزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىل-گىرى سۈرۈپ، ئۇزۇقلۇق تولۇقلاپ، يىلتىز قىسمى ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ بالدۇر ئاجىزلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئادەتتە ئاستىنقى يوپۇرماق-لىرى سارغىيىپ كەتمىگەن ئەھۋالدا ئاستىنقى قىسمىدىكى يوپۇرماقلارنى بالدۇر، كۆپ مىقداردا يۇتىۋەتمەسلىك كېرەك؛ (7) يەككە تۈپ مەھسۇلاتىنى كونترول قىلىش: يەككە تۈپ مەھسۇلاتى زىيادە كۆپ بولغاندا، دەسلەپكى مەزگىلدە چۈشكەن تەرخەمەك زىيادە كۆپ ياكى ئۇزۇپ يىغىۋېلىش ۋاقتىدا بولمىسا يوپۇرماقنىڭ ئاجىزلىششى تېز بولۇپ، مايماق تەرخەمەك سانى كۆپ بولىدۇ. قىڭغىر، ئۇچلۇق ۋە بوغماق تەرخەمەكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يوپۇرماققا يىلتىز فىلىك (硬丰 ،481) نى 7000 ـ 9000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، (ئالدى بىلەن 50℃ ـ 60℃ سۇدا ئېرىتىلىپ، ئاندىن پۈركۈگۈچ بىلەن پۈركۈلىدۇ) ياكى مىكرو ئوغۇتنى 200 ھەسسە سۇيۇلدۇ-رۇپ، ھەر 7 ـ 9 كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈسە بولىدۇ؛ (8) مېخانىكىلىق مايماق كېتىشنى بىر تەرەپ قىلىش: ئېسىلىپ قالغان، چىرمىشىپ كەتكەن پىلەكلەرنى ۋاقتىدا يوقىتىپ، پىلەكنىڭ نورمال ساڭگىلاپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (9) يۆگىمىچىنى ئۈزۈۋېتىش: پىلەكنىڭ يۆگىمىچىنى ئۈزۈۋەتكەندە، بوغماق تەرخەمەك چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە قىڭغىر، بوغماق تەرخەمەك چۈشۈشنى دورا تەسىرى ياكى تېمپېراتۇرا ئۆزۈن مۇددەت يۇقىرى، تۈپى ئاجىز بولۇش قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ ئەسلى-گە كەلتۈرۈش قىيىن بولسا، مەھسۇلات ئۈنۈمىگە تەسىرى يەتمىگەن ئەھۋالدا ئانلىق چېچەك ئېچىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مايماق، بوغماق خەمەكنى ئۈزۈۋېتىپ، تەرخەمەكنىڭ بالدۇر بازارغا كىرىشىنى تېزلىتىش كېرەك. (03)

# گازىر تاۋۇزىدىكى ۋىرۇسسان ياپراقلاش كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

مەختۇمخان بارات

(خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك ئالامىتى:** بۇ كېسەل ئاساسلىقى گازىر تاۋۇزنىڭ يوپۇر-مىقىغا زىيان سالىدۇ، كېسەل دەسلەپ پەيدا بولغاندا يوپۇرماقتا سېرىق رەڭلىك داغ پەيدا بولىدۇ، كېيىنچە كېسەللىك دېغى تەدرىجىي كېڭىيىپ يوپۇرماق تومۇرىدا سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك تەرتىپسىز، كۆپ بۇرجەكلىك داغ پەيدا بولىدۇ. كېيىن كېسەل تېز تارقىلىپ پۈتۈن يوپۇرماق سارغۇچ بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىپ قۇرۇلۇپ قورۇيدۇ.

**2. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** بۇ كېسەللىك مىكروبى تۇپراقتا قىشلاپ ئىككىنچى يىلى تۇپراق، سۇ، ھاۋا ئېقىمى ۋە ھاشاراتلار ئارقىلىق تارقىلىدۇ. بۇ كېسەللىك نەملىك يۇقىرى بولسا، ئېگىز ئالماشتۇرۇلمىسا، ئوغۇت يېتەرسىز بولسا، كۆپ سۇغىرىلسا پەيدا بولۇشمۇ ناھايىتى تېز بولىدۇ.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش تەدبىرلىرى:** (1) كېسەلگە قارشى تۇرۇشچانلىقى كۈچلۈك سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك؛ (2) تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ يەر شەكلى ئېگىزرەك، تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى بولغان يەرلەرگە تېرىش لازىم. سۇيىنى ۋاقتىدا مۇۋاپىق قويۇش، سۇ يىغىلىپ قالماسلىق، پىلەكنى ۋاقتىدا رەتلەپ، ئوت - چۆپلەرنى ۋاقتىدا ئوتاپ، يەرنى يۇمشىتىش ئارقىلىق كۈن نۇرىدىن تولۇق پايدىلىنىشقا شارائىت ھازىرلاش كېرەك؛ (3) خىمىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش: كېسەللىك دەسلەپ پەيدا بولغاندا 75% لىك تېرمىل (百菌清) نىڭ ئېرىشچان پاراشوكىنى 600 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، 58% لىك مانكوزىپ (甲霜灵锰锌) دورىسىنى 1000 ـ 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش، 70% لىك ئاليۇمىن پوستىل (乙磷铅) دورىسىنى 250 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ، ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن چېچىش ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىشقا بولىدۇ. (03)

# بۇغداي ئېتىزلىرىدىكى ياۋا - ئوت چۆپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل لېتىپ
(بۈگۈر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

1. جايلار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسىنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن، خىدونال (二甲四氯) نى بۇغدايلىقتا ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوش پەللىلىك زىرائەتلەردىن قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات ۋە قىسمەن دەل - دەرەخلەر ئاسان دورا زىيىنىغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا ئوت - چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. 2,4-D بوتىل (2,4-D 丁酯) دورىسىنىڭ تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى پۈركىگەندە ئەتراپىدىكى قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر ئاسانلا دورا زىيانغا ئۇچرايدۇ، دورا چېچىش ئۈنۈمى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭا 2,4-D بوتىل دورىسىنى ئىشلەتكەندە، بۇغدايلىق ئەتراپىدىكى قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈك ئۈنۈپ چىقىشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش كېرەك.

2. دورا پۈركۈش پەيتىنى ياخشى ئىگىلەش كېرەك. مايسا ئۈنۈپ چىققاندىن تارتىپ غول تارتقۇچە بولغان ۋاقىت بۇغدايلىقتىكى ئوت - چۆپلەرنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بۇغدايلىق ئەتراپىدىكى قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر تېخى ئۈنۈپ چىقمىغان بولغاچقا، قىشتىن ئۆتكەن يۇمران ھالەتتىكى قوش پەللىلىك ياۋا ئوت - چۆپلەرنى دەل ۋاقتىدا يوقاتقىلى ھەم بۇغدايلىقتىكى ئوت - چۆپ زىيىنىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇ ۋاقىت ناھايىتى قىسقا بولغاچقا، بىر ھەپتە پەيتنى چىڭ تۇتۇپ دورا چېچىپ، ئوت - چۆپلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش كېرەك.

3. ئىشلىتىلىدىغان دورا مىقدارىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. دورا چېچىشتىن بۇرۇن ئىشلەتمەكچى بولغان دورىنىڭ ئىشلىتىش مىقدارى، قانداق تېمپېراتۇرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى تېخنىك خادىملاردىن سوراپ بىلىۋېلىش ياكى دورىنى خادىملارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلىتىش كېرەك.

4. دورا چاچقاندا شامال يۆنىلىشى بويىچە چېچىش كېرەك. بىر قىسىم يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلاردىكى بۇغداي مايسىسىنىڭ يېتىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، پاكارلىتىپ تىمەنلىتىش دورىسى (矮壮素) دورىسىنى قوشۇپ ئىشلەتسە، يېتىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم مەشغۇلات چىقىمىنى تېجىگىلى بولىدۇ.

5. دورا چېچىپ بولغاندىن كېيىن دورا چېچىش ماشىنىسىنى كۆپ قېتىم پاكىز سۇ بىلەن چايقاپ يۇيۇپ، ئوت - چۆپ يوقىتىش دورا قالدۇقلىرىنى پۈتۈنلەي چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن باشقا دورىنى چېچىشقا ئىشلىتىش كېرەك. (03)

# مېۋىلىك دەرەخ قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

كەنجىنۇر توختى

(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

قىزىل ئۆمۈچۈك سالجىلار ئەترىتى، يوپۇرماق كانىسى ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۈزۈم، ئۆرۈك، بادام، ئالما، نەشپۈت، ئانار، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرگە زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن كانىسى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماق، غۇنچە، چېچەك ۋە مېۋىلىرىگە زىيان سالىدۇ. ئادەتتە ياش دەرەخ ۋە يىلتىزدىن شاخ ئايرىپ چىققان كۆچەتلەر بىرقەدەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە يوپۇرماقنىڭ كەينىدىكى ئاساسىي تومۇرلارنىڭ ئىككى يېنىغا قادىلىپ شىرىنىسىنى شۈمۈرۈپ، يوپۇرماق زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن سۇس سېرىق داغلار پەيدا بولۇپ، يېپەكسىمان تورغا بىر قەۋەت چاڭ - توزان چاپلىشىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يوپۇرماق تەدرىجىي قورۇلۇپ، چېچەك، مېۋە ۋە يوپۇرماقلارنىڭ تۆكۈلۈشىنى، مېۋىسىنىڭ قەنت تەركىبىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەھسۇلات مىقدارىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك ئادەتتە يىلدا 4 ـ 5 ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئۇرۇقلانغان كانا دەرەخلەرنىڭ قوۋزاق يېرىقچىلىرىدا ياكى يىلتىز بوغۇزى ئەتراپىدىكى تۇپراقنىڭ يېرىقچىلىرىدا قىشلايدۇ. ئىككىنچى يىلى ھاۋا ئىسسىنىشقا باشلىغاندا، قىشتىن ئۆتكەن كانىلار ھەرىكەتلىنىشكە ۋە تۇخۇملاشقا باشلايدۇ. ئادەتتە 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە زىيان سېلىشى ئېغىر بولىدۇ. كۆپ ساندىكى يېتىلگەن قىزىل ئۆمۈچۈكلەر مېۋىلىك دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى، چېچىكى ۋە مېۋىسىگە زىيان سېلىپ، چېچەك بىخلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، چېچەك، مېۋىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى پەيدا قىلىدۇ، يوپۇرماقنى سارغۇچ قوڭۇرغا ئۆزگەرتىپ، مېۋىلەش نىسبىتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن يوپۇرماقلار سولىشىپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ھاۋا قۇرغاق بولغان 7 ـ 8 ـ ئايلاردا

كانا زىيىنى ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. ئەمما مېۋىلىك باغلارنى دەرھال سۇغىرىپ نەم- لىكنى ساقلىسا، يېتىلگەن كانىنىڭ كۆپىيىشىگە پايدىسىز بولۇپ، كانىنىڭ زىيان سېلىشىنى كونترول قىلغىلى بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇللىرى:** ① قىشلىغۇچى يېتىلگەن كانىنى يوقىتىش: باغلارنى پاكىز تازىلاپ، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، قىشلىق باشقۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، كونا قوۋزاقلارنى قىرىپ چۇشۇرۇپ بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈپ، كانا مەنبەسىنى ئازايتىش كېرەك؛ ② كانى- نىڭ كۆپىيىشىنى كونترول قىلىش: كانىنىڭ قۇرغاقچىلىقنى خالايدىغان، ھۆلچىلىكتىن قورقىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تۇخۇملاش مەزگىلى- دىكى سۇنى ۋاقتىدا قويۇپ، مېۋىلىك باغنىڭ نەملىكىنى مۇئەييەن دەرى- جىدە ساقلاش كېرەك. پايدىلىق كۆشەندىلەردىن گۆشخور ئۆمۈچۈك، يېشىل يىڭناغۇچ، ئۆمۈچۈك يىغقۇچى خانقىزنى قوغداپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ كۆپىيىشىنى ئازايتىش ياكى كونترول قىلىش كې- رەك؛ ③ يېتىلگەن كانىلارنىڭ دەرەخ ئۈستىگە چىقىشىنى تېزگىنلەش: يېتىلگەن كانىلارنىڭ يىلتىز بوغۇزى ئەتراپىدىكى تۇپراق يېرىقچىلىرىدا قىشلاش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، دەرەخ يوپۇرماق تاشلاشتىن بۇرۇن يەنى زىيانداش ھاشاراتلار قىشلايدىغان ماكان ئىزدەشتىن بۇرۇن ئاساسىي غول ئۈستىگە بەللىك باغلاپ، قىش كىرگەندىن كېيىن، دەرھال يىغىپ كۆيدۈ- رۈش ئارقىلىق، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ - يوقاتقىلى ۋە قىشتىن ئۆتۈش سانىنى ئازايتقىلى بولىدۇ؛ ④ ياز پەسلىدە 48% لىك لورسىبان (乐斯本) سۇتسىمان مايلىق دورىسىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، سۇمەنزو (素螨唑) نىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 20% لىك پىرىدابىن (哒螨灵)، دىكوفول (三氯杀螨醇) قاتارلىق دو- رىلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ چېچىش ئارقىلىق قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقاتقىلى بولىدۇ. (03)

# كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

زەينەپ ئىساق

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن)

**1. تارقىلىشى ۋە زىيان سېلىشى:** كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى يوپۇرماق كانىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كېۋەز تېرىلىدىغان جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك كۆرۈلىدۇ. يېتىلگەن هاشارىتى بىلەن لىچىنكىسى يوپۇرماق ئارقىسىغا توپلىشىپ شىرنە سۈيۈقلۈقىنى سۈمۈرۈپ زىيان سالىدۇ، زىيانغا ئۇچرىغان يوپۇرماقتا كىچىك قىزىل چېكىتلەر پەيدا بولىدۇ. زىيىنى ئېغىر بولغاندا يوپۇرماقتىكى قىزىل كېڭىيىدۇ، كېۋەز يوپۇرمىقى ۋە غۇنچە - غوزىلار كۆپلەپ تۆكۈلىدۇ.

**2. پەيدا بولۇش قانۇنىيىتى:** يېتىلگەن چىشى قىزىل ئۆمۈچۈك قۇرۇق يوپۇرماق، ئوت - چۆپ يىلتىزى ۋە تۇپراق يېرىقچىلىرى ياكى دەرەخ قوۋزىقىنىڭ ئىچىدە توپلىشىپ قىشتىن ئۆتىدۇ. 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى هاۋا تېمپېراتۇرىسى 10℃ تىن يۇقىرى بولغاندا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كېۋەزلىككە يۆتكىلىپ، 6 -، 7 - ئايلاردا ئەڭ ئېغىر زىيان سالىدۇ. هاۋا قۇرغاق، هۆل - يېغىن ئاز مەزگىل قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. تېمپېراتۇرا 24℃ - 28℃، نىسپىي نەملىكى 70% تىن ئاز بولغاندا ئەڭ تېز كۆپىيىدۇ. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن كېيىن هاۋانىڭ نىسپىي نەملىكى كۆپەيگەندە قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ زىچلىقى تۆۋەنلەيدۇ. 10 - ئايدىن كېيىن تېمپېراتۇرا تۆۋەنلىگەندە قىشتىن ئۆتۈش ئورنىغا يۆتكىلىپ قىشتىن ئۆتىدۇ، ئاساسلىق كۆشەندىلىرىدىن ئالتۇن كۆز، قېنىق چېكىتلىك كانا يېگۈچى خانقىز، هاشاراتخور چىرپاشكا، ئالتە چېكىتلىك تىرىپس، تۇتۇپ يەيدىغان كانا قاتارلىقلار بار.

**3. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) قىش ۋە ئەتىيازدا ئېتىز - ئېرىقتىكى ئوت - چۆپلەرنى تازىلاش، يەرنى كۈزدە ئاغدۇرۇپ توڭ ياتقۇزۇش ئارقىلىق، قىشتىن ئۆتۈش مەنبەسىنى تارايتىش لازىم. كېۋەزنى تەكرار تېرىشتىن ساقلىنىش، بولۇپمۇ سېرىق پۇرچاق، يېسسى پۇرچاق، پىدىگەن قاتارلىقلاردا قىزىل ئۆمۈچۈك كۆپ پەيدا بولىدىغان بولغاچقا، بۇ خىل زىرائەتلەرنىڭ ئېڭىزىغا كېۋەز تېرىشتىن ساقلىنىش، هەتتا مۇشۇ تۈردىكى زىرائەتلەر بىلەن قوشنا ياكى ئارىلاش تېرىماسلىق كېرەك. كېۋەزنى ئەڭ

ياخشىسى باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈش تېرىش ياكى بۇغداي، شال، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەر بىلەن قوشنا تېرىش، ئوزۇقلۇق چىگىتىنى دورىلاپ تېرىش كېرەك؛ (2) ئۈنۈملۈك ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ، كۆشەندىلەرنى قوغداپ، كېۋەزلىكتىكى كۆشەندىلەر سانىنى كۆپەيتىش، مايسا مەزگىلىدە دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىمكان قەدەر ئاز ئىشلىتىش ياكى ئىشلەتمەسلىك، كۆشەندىلەرگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان مەخسۇس قىزىل ئۆمۈچۈك يوقىتىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىش كېرەك؛ (3) ھەر موغا تېرىلىدىغان ئۇرۇققا 5% لىك تىمىك (涕灭威) تىن 1 ـ 2.5 كىلوگىرام ياكى 3% لىك فۇرادان (呋喃丹) دىن ئىككى كىلوگىرامنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش كېرەك؛ (4) 20% لىك دىكوفول (三氯杀螨醇) نى 1500 ھەسسە ياكى 20% لىك سەنلۇ شامەنفىڭ (三氯杀螨砜) نى 800 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. قىزىل ئۆمۈچۈكتە دورىغا ماسلىشىشچانلىق پەيدا بولسا 73% لىك ئۇمىت (克螨特) 3000 ھەسسە ياكى 20% لىك سۇمەنتۇڭ (速螨酮) 3000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ تەكشى پۈركۈش لازىم. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 8 ـ ئايغىچە تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر بولغاندا 73% لىك ئۇمىت سۇتسىمان سۇيۇقلۇقىنى 1000 ـ 1500 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش كېرەك. ھەر خىل ئورگانىك فوسفورلۇق دورىلار، مەسىلەن: ئازودىرىن (久效磷)، ئوكسىدلانغان روگور (氧化乐果)، فولدول (对硫磷)، فوكسىم (辛硫磷)، روگور (乐果)، فوسفامىدون (磷铵) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقىتالايدۇ. بىراق بۇ خىل دورىلار كۆشەندىلەرنى زەخىملەندۈرگەچكە ئىمكان قەدەر ئىشلەتمەسلىك كېرەك. دىساس (敌杀死)، كومبۇش، فىنۋاللېرات (速灭杀丁) قاتارلىقلار كېۋەزلىكتە قىزىل ئۆمۈچۈك زىيىنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا دېھقانچىلىق دورىسىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. مەخسۇس قىزىل ئۆمۈچۈك يوقىتىدىغان دورىلاردىن يەنە نىسورون (尼素良)، پىرىدامىن (哒螨灵) قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە نىسورون قىزىل ئۆمۈچۈك تۇخۇمى ۋە لىچىنكىسىنى يوقىتىشتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. دىكوفول بىلەن نىسوروننى ئارىلاشتۇرۇپ پۈركۈسە قىزىل ئۆمۈچۈكنى يوقىتىش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. (03)

# بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىگە تەسىر قىلىدىغان ئامىللار

رىشىت مىجىت
(كەلپىن ناھىيە گەزلىك يېزىلىق ئورمان پونكىتىدىن)

بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى، مۇھىت بۇلغىمايدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دورا ئىشلىتىلگەندىن كېيىن ھاشاراتلاردا ئاسانلىقچە دورىغا ماسلىشىۋېلىش كۆرۈلمەيدۇ. باكتېرىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسىنىڭ ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى باكتېرىيە سانى، باكتېرىيەنىڭ ئاكتىپچانلىقى ۋە مۇھىت شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا باكتېرىيەلىك بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك.

**1. تېمپېراتۇرا:** بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى چېچىشقا ماس كېلىدىغان مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 30℃ بولىدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولسا باكتېرىيەنىڭ زىيانداش ھاشارات تېنىدىكى كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئۆز رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمايدۇ.

**2. نەملىك:** بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلەتكەندە ھاۋا نەملىكى قانچە يۇقىرى بولسا ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، سەۋەبى ئىشلىتىلگەن دورىلاردىكى باكتېرىيە سپورىسى قۇرغاق شارائىتقا ماس كەلمەيدۇ. شۇڭا باكتېرىيەلىك بىيولوگىيەلىك دېھقانچىلىق دورىسىنى ئەتىگەن، كەچتە شەبنەم چۈشكەندە ئىشلەتسە باكتېرىيە سپورىسىنىڭ كۆپىيىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**3. كۈن نۇرى:** كۈن نۇرىنىڭ بىۋاسىتە چۈشۈشى 30 مىنۇتقا يەتكەندە سپورىنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 50% گە، بىر سائەتكە يەتكەندە ئۆلۈش نىسبىتى 80% گە يېتىدۇ. بىنەپشە نۇر دورا ئۈنۈمىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. شۇڭا چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتىن كېيىن ياكى ھاۋا تۇتۇق ۋاقىتلاردا دورا ئىشلەتكەن ئەڭ ياخشى.

**4. يامغۇر:** ئوتتۇراھال ۋە قاتتىق يامغۇر ياغقاندا يوپۇرماققا پۈركەلگەن دورا ئېقىپ كېتىپ، دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئەمما دورا پۈركەپ بەش سائەتتىن كېيىن ئازراق يامغۇر ياغسا دورا ئۈنۈمىنى تۆۋەنلىتىۋەتمەستىن بەلكى دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىسى بار. (02)

# كۆكتات يوپۇرماق قات چىۋىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش تەدبىرلىرى

رەيھانگۇل زەيدۇن تۇنساگۇل تۇردى
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسىدىن)

يوپۇرماق قات چىۋىنى ئوخشاش قاناتلار ئەترىتى يوشۇرۇن چىۋىن ئائىلىسىگە تەۋە زىيانداش ھاشارەت بولۇپ، تارقىلىشى كەڭ، زىيان سېلىشى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ.

**1. پارازىت خوجىسى ۋە زىيان سېلىش ئالاھىدىلىكى:** پارازىت خوجىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىق پۇرچاق ئائىلىسى، قاپاق ئائىلىسى،پىدىگەن ئائىلىسى، كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسى قاتارلىقلارغا زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتى ۋە لىچىنكىسى پارىنكتىكى ۋە ئوچۇقچىلىقتىكى كۆكتاتلارغا يىل بويى زىيان سالىدۇ.

**2. ياشاش ئالاھىدىلىكى ۋە ئادىتى:** يوپۇرماق قات چىۋىنى بىر يىلدا كۆپ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. بۇ ھاشارات 0℃ دىن تۆۋەن شارائىتتا ئىككى ھەپتە ياشىيالايدۇ، شۇڭا پارىنكتا قىشتىن ئۆتەلەيدۇ، ئادەتتە قورچاق ھالەتتە ۋە يېتىلگەن ھاشارات ھالىتىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. ئىككىنچى يىلى 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ يۇمران مايسىلارغا زىيان سالىدۇ. يېتىلگەن ھاشارىتىنىڭ چۈشتىن بۇرۇن سائەت 6 ـ 12 گىچە ھەرىكىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئوزۇقلىنىپ چېتىشىپ تۇخۇم قويىدۇ. يېتىلگەن ھاشارات توخۇمىنى يوپۇرماق يۈزىنى تېشىپ توقۇلما ئىچىگە قويىدۇ، ھەربىر چىشى ھاشارات ئۆمرىدە 160 ـ 200 دانە تۇخۇم قويىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان لىچىنكا يوپۇرماق بىلەن ئوزۇقلىنىپ، يوپۇرماقتا ئاق رەڭلىك يول ھاسىل قىلىدۇ. قېرى لىچىنكىسى يوپۇرماق پوستى قەۋىتىدە ۋە تۆكۈلگەن يوپۇرماقلاردا قورچاققا ئايلىنىدۇ، قورچاققا ئايلىنىش مەزگىلى 7 ـ 14 كۈنگىچە بولىدۇ .

**3. ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش:** بۇ ھاشارات يوپۇرماق قېتىدا ھەرىكەت قىلغاچقا، ئالدىنى ئېلىپ يوقىتىش بىرقەدەر قىيىن، ئاساسلىق ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: (1) كارانتىننى كۈچەيتىش كېرەك. (2) دېھقانچىلىق تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ ئالدىنى ئېلىش، يەنى پېلەكلىكلەر تو-رىدىكى، پۇرچاق تورىدىكى، پىدىگەن تورىدىكى كۆكتاتلارنى باشقا توردىكى كۆكتاتلار بىلەن كىرىشتۇرۇپ ياكى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش كېرەك. قۇرت يېگەن توپلەرنى ۋە يوپۇرماقنى ۋاقتىدا يىغىپ كۆمۈپ ياكى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. (3) بىيولوگىيەلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش: پارازىت ھەرە، توقال ھەرە، غوزەك ھەرە قاتارلىق تەبىئىي كۈشەندىلەردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش كېرەك. بۇلار قات چىۋىنىنىڭ تۇخۇمى، لىچىنكىسى ۋە قورچاقلىرىدا پارازىت ياشاپ، ئۇلارنى زور دەرىجىدە كونترول قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كىچىك گۈللۈك چىرپاشكا، تېرېس، كىچىك قىزىل چۈمۈلىمۇ قات چى-ۋىنى لىچىنكىلىرىنى تۇتۇپ يەيدۇ. شۇڭا دورا چاچقاندا ئىمكان بار كۈ-شەندىلەرنى قوغداشنى ئاساس قىلىش كېرەك. (4) خىمىيەۋى ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش: د د ۋ (敌敌畏) دىن پايدىلىنىپ يېتىلگەن ھاشاراتنى دى-مۇقتۇرۇپ يوقىتىشقا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن 80% لىك 150 گىرام د د ۋ نى ئۇچ كىلوگىرام ھەرە كېپىكىگە ئارىلاشتۇرۇپ، 12 سائەت ئەتراپىدا كۆيدۈرۈلىدۇ. ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم، ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم داۋاملاشتۇرسا يېتىلگەن ھاشاراتكە نىسبەتەن ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بو-لىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يوپۇرماقتىكى قۇرت يوللىرى ئىككى مىللىمېتىر بولغاندا دورا چاچسا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئادەتتە لورسىبان (乐斯本)، ئەيفۇدىڭ (爱福丁)، فلۇفېنو كسۇرون (克死可) قاتارلىق دورىلار كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. (02)

# سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش ئۇسۇلى

ئابدۇشۇكۇر مەخسۇم
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

رايونىمىزنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىشى تەكشىسىز بولغاچقا، يېزا ئىگىلىكىدە پۈتۈنلەي سۇغىرىشقا تايىنىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە سۇ يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇچىلىق ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرىدە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 12 - بەش يىللىق سۇ تېجەشچان جەمئىيەت قۇرۇش پىلانى» نى تۈزۈپ چىقىپ، تۇرلۇك سۇ تېجەشچان ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، سۇ تېجەشچان جەمئىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇڭا يېزا ئىگىلىكىدە، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا سۇ تېجەيدىغان يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىپ ۋە كېڭەيتىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا سۇ ئىشلىتىش ۋە سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، سۇ تېجەش تىپىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش ئۇسۇلىمۇ تېجەشلىك سۇغىرىشنىڭ بىر خىلى بولۇپ، كېۋەز، كۆچەتزارلىق، پارنىك ئېتىزلىرىغا قوللىنىشقا ماس كېلىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش تاختا ياكى چۆنەككە سۇلياۋ يوپۇقنى ياپقاندىن كېيىن، مايسىنى ئازاد قىلغاندا ئېچىلغان تۆشۈك ۋە مەخسۇس لايىھەلەنگەن سۇ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكچىسى ئارقىلىق، زىرائەتنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ئۇسۇل بولۇپ، كېۋەز، كۆممىقوناق، قوغۇن، تاۋۇز، كۆكتاتلارغا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىپ، تېجەشلىك سۇغىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

1. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىشنىڭ سۇ تېجەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، تۇپراق نەملىكىنىڭ توغرا لىنىيەلىك جايلىشىشى، زىرائەتنىڭ

نەملىك سۇمۇرۇشقا پايدىلىق، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇقنىڭ مۇھاپىزەت رولى بولغاچقا، تۇپراق نەملىكى ئاساسلىقچە يوقاپ كەتمەيلا قالماستىن، توپ ئارىسىدىكى (مايسا ئارىسىدىكى) نەملىكنىڭ ئۈنۈمسىز پارغا ئايلىنىشىمۇ ئازىيىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغارغاندا تۇپراقتىكى نەملىك سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىكى يىلتىز سىستېمىسى تەۋەلىكىگە يىغىلىپ، تۇپراقنىڭ نەملىك مىقدارى سۇغىرىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

2. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىشنىڭ سۇلياۋ يوپۇقنىڭ ئىسسىقلىق ئۈنۈمىگە بولغان ئىنكاسى ياخشى بولىدۇ. يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىش ئارقىلىق تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تېز پارچىلاپ، زىرائەتنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ياخشى شارائىت يارىتىپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ نەملىك، ئوغۇت ساقلىشىغا، تۇپراقنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىشتا تۇپراقتىكى نەملىك زىرائەتنىڭ ئوق يىلتىزىغا مەركەزلىشىدىغان بولۇپ، تۇپراقتىكى مىنېرال ماددىلار ۋە ئوغۇتنىڭ ئېقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئېتىز ئىچىدە لاي سۆرەپ كېتىش، ئازگال پەيدا بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلمەيدۇ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشىلىنىدۇ. سۇلياۋ يوپۇقنىڭ تۇپراقنى مۇھاپىزەت قىلىش رولى بولغاچقا ۋە مايسا ئازاد قىلىنغان تۆشۈكچىدىن سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، سۇلياۋ يوپۇق ئاستىدىكى تۇپراق قېتىپ كەتمەي، ئۇزاققىچە يۇمشاق ھالىتىنى ساقلايدۇ.

4. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىشنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. شۇنداقلا سۇ تېجەش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولۇپ، سۇغىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ياخشىلاپ، سۇ، ئوغۇت، تۇپراق، ئىسسىقلىق، ھاۋا بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى ياخشىلى-

# سۇ قۇرۇلۇش سۇپىتىنى باشقۇرۇشتا ئويلىغانلىرىم

بۇرابىيە داۋۇت
(ئاقتۇ ناھىيەلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىن، بىناكارلىق ۋە سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ھەمدە قۇرۇلۇش سۇپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مەملىكىتىمىز قۇرۇلۇش سۇپىتىنى نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار كەينى ـ كەينىدىن قۇرۇلۇش سۇپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرىنى تەسىس قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن قۇرۇلۇش سۇپىتىگە قارىتا نازارەتچىلىك قىلدى. يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك سۇپەت نازارەتچىلىك تارماقلىرىنىڭ ھالقىنى قاتتىق تۇتۇشى ئارقىسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ قۇرۇلۇش سۇپەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھادىسىلەر ئۇنۇملۈك تىزگىنلىنىپ، زور بىر تۈركۈم سۇپەتلىك قۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلدى. گەرچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر زور سالماقنى ئىگىلىسىمۇ، تەرەققىيات جەريانىدا بىر قىسىم مەسىلىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

---

غىلى بولىدۇ. سۇغىرىشقا مەبلەغ ئاز كېتىدۇ، ئۇنۇمى تېز كۆرۈلىدۇ، شۇڭا كېڭەيتىش ئىستىقبالىغا ئىگە.

5. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغارغاندا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: سۇلياۋ يوپۇق يېپىشتىن ئاۋۋال يەرنى ياخشى يۇمشىتىپ، يەر يۈزىدىكى ئوت ـ چۆپ قالدۇقى ۋە لاۋا ـ لاتقىلارنى پاكىز تازىلاش كېرەك. بولمىسا سۇلياۋ يوپۇقنى يىرتىۋېتىدۇ. سۇلياۋ يوپۇق ئۈستىدىن سۇغىرىشنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتكەندە شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان يەرنى ياخشى تەكشىلەپ، سۇلياۋ يوپۇقنى يەر يۈزىگە چىڭ تارتىپ تەكشى يېپىش كېرەك. پارنىكلاردا سۇلياۋ يوپۇقنى يەر يۈزىگە ئادەم كۈچى ئارقىلىق ياپسا بولىدۇ، ئېتىز ئارىسىدىكى تارماق ئېرىقلارنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سۇلياۋ تۇرۇبا ئورنىتىپ سۇغارسا، ئېرىقلاردىن يوقىلىدىغان سۇ مىقدارىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. (05)

**1. قۇرۇلۇش سوپىتىنى باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەر:** (1) ئاز بىر قىسىم قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە ئىش قىلماسلىق، سوپەت نازارەتچىلىك رەسمىيىتى ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلەش ئىجازەتنامىسىنى بېجىرمەسلىك، باشقۇرۇشتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش قاتارلىقلار؛ (2) قۇرۇلۇش سوپىتىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش، ئەلا سوپەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرىلىش دەرىجىسى چوڭ بولماسلىق، نەپىس قۇرۇلۇشلار ئاز بولۇش؛ (3) قۇرۇلۇش سوپىتىدىكى نۇقسانلارنىڭ سادىر بولۇشى نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولۇش؛ (4) قۇرۇلۇش نازارەتچىلىك ئورۇنلاردا ئۆلچەم ـ مىزانلار يېتەرلىك بولماسلىق، ئىش مەيدانىدىكى نازارەتچى خادىملارنىڭ بىر قىسمى تەكلىپ قىلىنغان خادىملار بولۇپ، كەسپىي سەۋىيەسى نىسبەتەن تۆۋەن؛ (5) قۇرۇلۇشتا ئىشلەش كارخانىلىرىنىڭ سوپەت ئېڭى تۆۋەن، سوپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ ساپاسى تۆۋەن؛ (6) قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىشى ئۆلچەملىك ئەمەس، قۇرۇلۇش پۇل ـ قەرزىنى كېيىنگە سۈرۈشى نىسبەتەن ئېغىر بولۇش قاتارلىقلار.

**2. قۇرۇلۇش سوپىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر:** (1) سوپەت نازارەتچىلىك تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن بۇيان، سوپەت نازارەتچىلىك تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقى مەلۇم دەرىجىدە ئاجىزلاشتى. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئاساسىي قاتلام پونكىتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز كىرىمىنى ئۆز چىقىمىغا ئىشلىتىدىغان كەسپىي ئورۇن بولغاچقا، يا دۆلەت مەمۇرلىرىغا تەۋە ئەمەس، يا ئادەتتىكى كارخانىغا تەۋە ئەمەس، شۇنداق بولغاچقا يۇقىرىقى سەۋەبلەر سوپەت نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ نوپۇزىغا ۋە ئادىللىقىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزدى؛ (2) مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش سوپىتىنى نازارەت قىلىش پونكىتلىرى بەلگىلىك مىقداردا سوپەت نازارەتچىلىك خىراجىتى يىغىۋالىدۇ، يىغىۋالغان

خىراجەت بەك ئاز بولغاچقا، مائاشقا كاپالەتلىك قىلالماسلىق مەسىلىلىرى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبلىك سوپەت نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىقىغا كاپالەتلىك قىلالماسلىق، ئۆلچەش سىستېمىسىنى قۇرۇش تەسكە توختاۋاتىدۇ.

**3. سوپەت نازارەتچىلىكىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە قارىتا ئىجابىي تەكلىپلەر:** قۇرۇلۇش سوپىتى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قۇرۇلۇشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوپەت نازارەتچىلىك ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ① سوپەت نازارەتچىلىكىنىڭ تۈزۈلمە قۇرۇلۇشنى كۆچەيتىپ، بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھۆكۈمەتنىڭ سوپەت نازارەتچىلىك ئورنىدىكى نوپۇزىنى تىكلەش لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا خىزمەتنىڭ مۇستەقىللىقىغا، ئادىللىقىغا، ئومۇملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ ② ئۈنۈملۈك سوپەت نازارەتچىلىك تەكشۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن مەخسۇس ئۆلچەش ئورگانلىرى تەسىس قىلىپ، زۆرۈر بولغان كەسپىي ئۆلچەش خادىملىرىنى سايلاپ، سوپەت نازارەتچىلىكىنىڭ ئۆلچەش خىزمىتىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا قانات يايدۇرۇپ، قۇرۇلۇش سوپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ ③ لايىھە، چېرتيوژنى تەكشۈرۈش ئورگىنىنى سوپەت نازارەتچىلىك پونكىتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. بۇنداق بولغاندا خادىملاردىن تولۇق پايدىلانغىلى، ئىختىساسلىقلار قوشۇن قۇرۇلۇشنى كۆچەيتكىلى بولىدۇ؛ ④ سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ ئىشلىتىش ئىجازەتنامە تۈزۈمىنى ئومۇملاشتۇرۇش لازىم. بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەردە يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلاردىن پايدىلانغان ئاساستا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، تەتقىق قىلىپ، سوپەت نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ تەرتىپلىك، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. (05)

# ئىنەكلەرنى سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە بېقىش - باشقۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مۇھەممەتريەھىم ئابلىمىت

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش پونكىتىنىڭ پېنسىيونېرى)

ئادەتتە نۇرغۇنلىغان سېغىن ئىنەك باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەر سېغىن مەزگىلدىكى بېقىش ۋە باشقۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەمما ئىنەكلەرنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلدىكى بېقىش ۋە باشقۇرۇشقا سەل قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنەكلەرنىڭ سېغىن مەزگىلدە بەدەن قۇۋۋىتى كۆپلەپ خورايدىغان بولۇپ، سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش ئورگانلىرىمۇ چارچايدۇ. سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە بەدەن قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ماد-دىلارنى توپلىنىشى ھەم سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش توقۇلمىلىرىنىڭ قايتا ئۆسۈشىنى تېزلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنداقلا كېيىنكى قېتىملىق تولۇق بوغاز بولۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلدىكى بېقىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

1. ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلنى ياخشى كونترول قىلىش كې-رەك. ئادەتتە ياخشى بېقىلغان، ساغلام ئىنەكلەرنىڭ سېغىلمايدىغان ۋاقتى بىر يېرىم ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ. ياخشى بېقىلمىغان، تېنى ئاجىز ئىنەك-لەرنىڭ ياكى سۈت بېرىش مىقدارى يۇقىرى ئىنەكلەرنىڭ سېغىلمايدىغان مەزگىلى ئىككى ئايدىن ئىككى يېرىم ئايغىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئى-نەكلەرنىڭ سېغىش قېتىمىنى ئازايتىپ، قەرەللىك سېغىش ۋاقتىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، سېغىش قېتىم سانىنى ئۆزگەرتىش، كۈنگە ئىككى قېتىم سېغىلىدىغان ئىنەكلەرنى كۈنگە بىر قېتىم سېغىش ئارقىلىق ئاستا - ئاستا سېغىشنى توختىتىش لازىم. شۇنىڭدەك سۇغىرىش قېتىمىنى ۋە سۇ مىقدارىنى ئازايتىش كېرەك ھەمدە ئوزۇقنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، قۇرۇق ئوت - چۆپنى كۆپرەك بېرىپ، ھەرىكەتنى كۆپەيتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا سۈتى تارتىلغاندىن كېيىنكى يېلىنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە چىڭقىلىشىنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، نورمالسىز ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2. سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە ياخشى بېقىش كېرەك. ئىنەكلەر سۈتى

تارتىلغان مەزگىلدە ئىنېرگىيەنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ئېھتىياجلىق بو-لىدۇ، بۇ مەزگىلدە ئىنەكلەرنى ئاقسىل، مىنېرال ماددا ۋە ھەر خىل ۋىتا-مىن تەركىبى مول ئوزۇقلار بىلەن بېقىش لازىم. ئىنەكنىڭ ئوزۇقلىنىشى ياخشى بولمىسا ياكى ھەددىدىن زىيادە سەمرىپ كەتسە، تۆرەلمىنىڭ يېتىل-لىشى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئىنەك يىلىنىدا ماي ھەددىدىن زىيادە يىغىلىپ كەتسىمۇ، سۈت ئاجرىتىپ چىقىرىش بەزلىرىنىڭ سۈت ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلدىكى بېقىش - باشقۇرۇشتىكى مۇ-ھىم ھالقىلارنىڭ بىرى — دەسلەپكى باسقۇچتا ئاساسلىقى سۈپەتلىك قو-رۇق ئوت - چۆپ بىلەن بېقىپ، قوشۇمچە ئاز مىقداردا بوغۇز بېرىشتىن ئىبارەت. بۇ مەزگىلدە سۈت ئىشلەپچىقىرىشنى تېزلىتىدىغان تۇگۈنەك يىلتىزلىق ئۆسۈملۈكلەرنى، كۆنجۈرە ۋە يېشىل، سۇلۇق ئوت - چۆپلەرنى بەرمەسلىك لازىم. سۈتى تارتىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بېقىش سەۋىيە-سىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش كېرەك. يەم - خەشەك تەركىبىدىكى قۇرۇق ماددا ئىنەك تەن ئېغىرلىقىنىڭ 2.5% گە توغرا كېلىشى ھەر كىلوگىرام ئارىلاشما بوغۇزدىكى قۇرۇق ماددا تەركىبىدە يىرىك ئاقسىل 11% - 12% نى، كالتسىي 0.6% نى، فوسفور 0.3% نى ئىگىلىشى لازىم. بوغۇز بىلەن يىرىك يەم - خەشەكنىڭ نىسبىتى 1:3 بولۇشى، بېرىلگەن يەم - خەشەك ئىچىدە يىرىك تالالىق يەم - خەشەك 20% تىن كەم بولماسلىقى كېرەك. يەم - خەشەك نىسبىتىنى مۇشۇنداق تەڭشەپ باققاندا، ئىنەكلەر يېتەرلىك ئىقتىداردىكى ئاقسىل، مىنېرال ماددا ۋە ۋىتامىنلار بىلەن تەمىنلىنىدۇ.

3. ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە كۆكىرىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ۋە توڭلاپ ئۇششۇگەن يەم - بوغۇز، ئوت - چۆپ ۋە سىلوسلارنى بەرمەس-لىك كېرەك. شۇنداق قىلغاندا بوغاز ئىنەكنىڭ ھەزىم قىلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇشىدىن ھەم بالا تاشلىۋېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۇغۇشقا بىرنەچچە ھەپتە قالغاندا يەم - خەشەككە ئاز مىقداردا كېپەك ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك.

4. ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلى يازغا توغرا كېلىپ قالسا،

# چارۋا ـماللاردىكى تېتانۇس كېسەللىكىنى داۋالاش ئۇسۇلى

ئىمىن غوجى

(باي ناھىيە ياتۇر يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

تېتانۇس كېسەللىكى ــ تېتانۇس موكىسىمان باكتېرىيەسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، جاراھەت ئارقىلىق يۇقىدىغان، ھەر خىل چارۋا ـ ماللار ئورتاق يۇقۇملىنىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، ئادەملەرمۇ يۇقۇملىنىدۇ.

**1. كېسەللىك ئالامىتى ۋە دىياگنوز قويۇش:** كېسەللىك باكتېرىيەسى جاراھەت ئارقىلىق ئورگانىزمغا كىرگەندىن كېيىن، تېزلىكتە كۆپىيىپ توكسىن ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانغان ماللار غادىيىپ ماڭىدۇ، قېتىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، قۇلىقى دىڭگىيىدۇ، قۇيرۇقى تىكلىنىدۇ، كۆز ئالمىسى پولتىيىپ چىقىدۇ. يۇقىرىقى ئالامەتلەر ۋە چارۋا تېنىدىكى جاراھەت ئىزلىرىغا ئاساسەن تېتانۇس كېسەللىكى دەپ دىياگنوز قويۇشقا بولىدۇ.

---

ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلىنىش، ئېغىل ـ قوتانلارنىڭ سالقىن، شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئىنەكنىڭ سۈتى تارتىلغان مەزگىلدە يەنە مۇۋاپىق ھەرىكەتلەندۈرۈش، قوتاندا قىستىلىپ قېلىشتىن، سوغۇق نەم يەرلەردە يېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. ھەر كۈنى ئىنەكنى مۇۋاپىق شارائىتتا يۇيۇپ، بەدىنىنى تاراپ پاكىزە تۇتۇش ھەمدە تېرە ئاستى قان ئايلىنىشىنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئەگەر يىلىنىنىڭ ئىششىپ قالغانلىقى بايقالسا دەرھال داۋالىتىش، يىلىنىنى ۋازلىن بىلەن مايلاش، ئىنەكنى يايلىتىپ بېقىش، يېتىپ ـ قوپۇش جەريانىدا يىلىنىنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىنەكنىڭ ئىشتىيىنى ۋە ھەزىم قىلىشىنى يۇقىرىلىتىش ھەمدە يەم ـ خەشەككە مۇۋاپىق مىقداردا تۇز قوشۇپ بېرىش لازىم. ئادەتتە ھەر 100 كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن بەش گىرام تۇز بېرىش كېرەك. (02)

**2. داۋالاش:** ئالدى بىلەن كېسەل مالنى تىنچ، قاراڭغۇ جايدا تۇرغۇزۇپ، ئىككى قۇلىقىغا پاختا تىقىپ قويۇش لازىم. ئاندىن ئىت ياڭىقىنىڭ غولى بىلەن ئۇرۇقىنى ئىككى كىلوگىرام ئەتراپىدا ئېلىپ، ئۇنىڭغا 10 لىتىر پاكىز سۇ قوشۇپ، سۇس ئوتتا 1 ــ 2 سائەت قايناتقاندىن كېيىن، تىرپىسىنى پاكىز سۈزۈۋېتىپ، سۇيىنى سوۋۇتۇپ كېسەللەنگەن چارۋىغا ئىختىيارى ياكى زو-نىت ئارقىلىق ئىچكۈزۈلىدۇ. 5% لىك گىلۇكوزا ئېرىتمىسىدىن 1000 مىللىلىتىرغا 800 مىڭ بىرلىك پېنىتسىللىن (素霉青) ئارىلاشتۇرۇپ، 0.9% لىك 500 مىللىلىتىر فىزىيولوگىيەلىك تۇز سۇيى (生理盐水) گە ۋىتامىن C دىن 2 ــ 4 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ ئايرىم ــ ئايرىم ۋېنادىن ئو-كۇل قىلىنىدۇ. سىپازمىنى بوشىتىپ تىنچلاندۇرۇش ھەمدە چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىنىڭ زىيادە سېزىمچانلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن 25% لىك ماگنىي سولفات (硫酸镁) ئوكۇلىدىن 100 ــ 120 مىللىلىتىرنى ۋېنادىن كۈندە بىر قېتىم ئوكۇل قىلىش كېرەك. سىپازمىنى بوشىتىش ئۈچۈن كوف-فىيىن ناترىي بىرومىد ئوكۇلى (安溴注射液) دىن 100 ــ 120 مىللىلى-تىر ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ. جاراھەتنى داۋالاشتا كونا قەقەشلەرنى پا-كىز ئېلىۋېتىپ، 0.1% لىك مارگانسوپ (高锰酸钾) ئېرىتمىسى ياكى 0.1% لىك رىۋانول ئېرىتمىسى بىلەن يۇيۇپ تازىلىنىدۇ ھەمدە جاراھەت تاڭماي داۋالىنىدۇ. كېسەل مال تېزەكلەشتە قىينالسا ئانۇس قىسمىدىن قول سېلىپ تېزەك تارتىپ چىقىرىلىدۇ ھەمدە شۇنىڭغا بىرلەشتۇرۇپ ھۆل خوخىنىڭ سىقىلغان سۇيىدىن 500 مىللىلىتىر ئىچكۈزۈلىدۇ. ئەگەر سى-يەلمەسلىك كۆرۈلسە سۇنىياۋ ئوكۇلى (速尿注射液) دىن ھەر كىلوگىرام تەن ئېغىرلىقى ئۈچۈن 0.5 ــ 1 مىللىگىرام ۋېنا ياكى مۇسكۇلدىن ئوكۇل قى-لىنىدۇ. يۇقىرىقى داۋالاش ئۇسۇلىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ يەتتە كۈن ئەتراپىدا داۋالىغاندا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

# چارۋىلارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇللار

ئانىگۇل ۋايىت
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاق يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

تۇغۇتقا ياردەم بېرىشتىكى مەقسەت بوغاز مالنىڭ بىخەتەر تۇغۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. نورمال ئەھۋالدا بوغاز مال ئۆز ئۆزۈشلۇق تۇللەيدۇ. پەقەت قىيىن تۇغۇت ياكى نورمالسىزلىق كۆرۈلگەندە ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. بولۇپمۇ كالا، قوي، ئېشەك، خېچىرلار تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

تۇغۇتقا ياردەم بەرگۇچىلەر ئالدى بىلەن ئەسۋاب ۋە قولىرىنى ياخشى دېزىنفېكسىيەلىشى، تىرناقلىرىنى ئېلىپ سىلىقلىشى ياكى پەلەي كىيىشى كېرەك. ئاندىن تۆۋەندىكى باسقۇچلار بويىچە تۇغۇتقا ياردەم بەرسە بولىدۇ.

1. بوغاز مالنىڭ تۇغۇتى يېقىنلاشقاندا مال ئىگىسى كېچە ـ كۈندۈز پات ـ پات يوقلاپ تۇرۇشى كېرەك. تۇغۇت ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن ھامان تۇغدۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەش لازىم.

2. ئىنەك ۋە بايتال تۇغقاندا ئەگەر تۆرەلمە تۇغۇت يولىغا كىرىپ تۆرەلمە پەردىسى كۆرۈنسە قولىنى (قولىغا پەلەي كىيىپ تۇرۇپ ياكى بولمىسا قولنى پاكىز يۇيۇپ سىلىقلاتقۇچى مايلارنى سۇرتۇپ تۇرۇپ) تۇغۇت يولىغا سېلىپ، تۆرەلمىنىڭ ئورنى ۋە تۆرەلمىنىڭ تۇرۇش ئەھۋالىنىڭ نورمال ياكى نورمال بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم. ئەگەر تۆرەلمە ئەھۋالى نورمال بولسا مالنىڭ تەبىئىي تۇغۇشىنى كۈتۈش لازىم. ئەگەر تۆرەلمە نورمال بولمىسا بالدۇر ياكى ئورۇنسىز ھالدا تارتىش ئەكسىچە قىيىن تۇغۇتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭا مالنىڭ تۇغۇتىغا ئىلمىي ئۇسۇلدا ياردەم بېرىش لازىم.

3. ئەگەر تۆرەلمە بەك چوڭ بولۇپ، تۇغۇت يولى تار ھەم قۇرغاق بولسا، جىنسىي غىلاپقا ۋازىلىن ياكى ئۆسۈملۈك مايلىرىنى سۇرۇپ سىلىقلاپ، تۆرەلمە تارتىپ چىقىرىلىدۇ. تۆرەلمىنى تارتقاندا ئوڭ ـ سول ئىككى پۇتىنى

نۆۋەتلەشتۈرۈپ تارتىش بىلەن بىرگە، ئوڭ ـ سولغا قىيپاش قىلىپ بەرسە تارايغان قىسمىدىن تېخىمۇ ئوڭاي ئۆتىدۇ. ئەگەر تۆرۈلمە تەتۈر بولسا يۇقىرىقى ئۇسۇللارنى قوللانغاندىن باشقا تۆرەلمىنى يېنىچە يېتىش ھالىتىگە كەلتۈرسە تۇغۇت ئاسانلىشىدۇ.

4. تۆرەلمىنىڭ بېشى ۋە ئالدى ئىككى پۇتى ياكى ئىككى ئارقا پۇتى چىقىپ، قالغان قىسمى چىقمىغان بولسا تۆرەلمە پەردىسىنى يىرتىپ قول بىلەن تۆرەلمە بېشىنى ۋە ئالدى ئىككى پۇتىنى ياكى ئارقا ئىككى پۇتىنى تۇتۇپ، ئانا مالنىڭ ئىنجىقىغا بىرلەشتۈرۈپ تارتىپ چىقارسا بولىدۇ. ئەگەر ئانا مالنىڭ ئىنجىقى بوش بولسا يەنە بىر ئادەم مالنىڭ قورساق قىسمىدىن بېسىپ، ئانا مالنىڭ كۈچىشىگە ياردەم بەرسە بولىدۇ.

5. قوشكېزەك بولسا ئادەتتە بىرسىنىڭ بېشى، يەنە بىرسىنىڭ قۇيرۇقى ئالدىدا بولىدۇ، بەزىدە بىرسىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىرسى مىنگىشىپ ئورۇنلىشىپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئالدى بىلەن ئۈستىدىكىسىنى تارتىش بىلەن بىرگە، ئاستىدىكى تۆرەلمىنى ئىچكىرىگە ئىتتىرىپ تۇرۇپ، بىر ـ بىرلەپ تارتىۋېلىش لازىم.

6. تۆرەلمە تۇغۇلغاندىن كېيىن دەرھال تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: (1) تۆرەلمىنىڭ بېشى چىققاندىن كېيىن دەرھال داكا بىلەن ئېغىز ۋە بۇرۇن بوشلۇقىدىكى باش سۇيى سۈرتۈلىدۇ؛ (2) كىندىك بېغىشى ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلىدۇ، ئەگەر ئۆزلۈكىدىن ئۈزۈلمىسە كىندىك بېغىدىكى قاننى كىندىك تەرەپكە سىرىۋېتىپ، ئاندىن كىندىكتىن 5 ـ 6 سانتىمېتىر تۆۋەندىن كېسىلىدۇ. قالغان قىسمى يود تىنكتورىسى بىلەن دېزىنفېكسىيەلىنىدۇ. يود بولمىغان شارائىتتا كىندىك قۇرۇپ بولغىچە پاكىز تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (3) تۆرەلمە بەدىنىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئانا مالغا يالىتىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ئەگەر ئانا مال يالىمىسا قۇرۇق لاتا بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتىسىمۇ بولىدۇ؛ (4) ئىسسىق سۇ ياكى 0.1% لىك مارگانسۇپ ئېرىتمىسى بىلەن ئانا مالنىڭ ئارقا تەرىپى ۋە جىنسىي ئېغىز ئەتراپى پاكىز يۇيۇپ تازىلىنىدۇ، قوتان پاكىز تازىلىنىپ ئاستى قۇرۇقدىلىدۇ.(02)

# يەم ـ بوغۇزدىن زەھەرلەنگەن چارۋىلارنى داۋالاش

قۇربان يۇسۇپ

(يەكەن ناھىيە ئارال يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن)

**1. كېسەللىك سەۋەبى:** بۇ كېسەللىك كۆپىنچە كۆشىگۈچى چارۋىلارنىڭ يۇرچاق تېپىدىكى يەم ـ بوغۇز، ھەر خىل كۇنجۇزە، كېپەك، قوناق، بۇغداي، ئۇن قاتارلىقلارنى كۆپ يەۋېلىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ قېرىنىغا يىغىلىپ تېز ئېچىپ، پارچىلىنىش داۋامىدا كۆپ مىقداردا زەھەرلىك گاز ۋە كىسلاتالىق ماددىلارنى ھاسىل قىلىپ، قېرىنىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىۋېتىش ھەمدە بۇ زەھەرلىك ماددىلارنىڭ شىردان ۋە ئۈچەي تەرىپىدىن كۆپلەپ سۈمۈرۈلۈش نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** كېسەللىك ئالامىتى چارۋا يەم ـ بوغۇزنى كۆپ يەۋېلىپ 6 ـ 8 سائەتتىن كېيىن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. كىلىنىكىدا كېسەللىك ئالامىتىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ. (1) يېنىك زەھەرلەنگەندە، كېسەللىكنىڭ دەسلىپىدە چارۋا ـماللار روھسىزلىنىدۇ، ئىشتىھاسى ناچارلاپ، كۆشىشى ئازىيىدۇ ياكى توختايدۇ. كۆز ئالمىسى تۆۋەنلەپ، كۆز قوشقۇچى پەردىلىرىگە قان تولىدۇ. ئاز ساندىكى چارۋا ـ ماللارنىڭ چوڭ قېرىنى ئازراق كۆپىدۇ. كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ ئېچىغان ھەم بېغىررەڭ ئىچى سۈرىدۇ. تەن تېمپېراتۇرىسى، يۈرەك ھەرىكىتى ۋە نەپەسلىنىشى قاتارلىقلاردا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولمايدۇ، يەڭگىل خاراموشلىنىدۇ؛ (2) ئېغىر زەھەرلەنگەندە، كېسەل مالنىڭ ئەھۋالى تېز ئېغىرلىشىپ، سىرتقى مۇھىتقا بولغان ئىنكاسىنى يوقىتىپ، ھەركىتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۇخلىغان ھالەتتە يېتىۋالىدۇ. تەن تېمپېراتۇرىسى بەزىدە نورمال، بەزىدە تۆۋەنلەيدۇ. كۆز قوشقۇچى پەردىلىرى بېغىررەڭگە ئۆزگىرىدۇ، ئېغىز، بۇرنىدىن كۆپۈك ئارىلاش شالە ئېقىپ، يەم ـ بوغۇز ئارىلاش ئىچى سۈرۈپ سۇسىزلىنىدۇ. نەپەس، يۈرەك سوقۇشى ئاستىلايدۇ، تومۇر سوقۇشى تېزلىشىدۇ، ئاخىرىدا يۈرەك سوقۇشى تېز

ھەم ئاجىز بولۇپ، نەپەسلىنىشى قىيىنلىشىپ، تەن تېمپېراتۇرىسى تۆ-ۋەنلەپ ئۆلىدۇ.

**3. داۋالاش:** (1) يېنىك زەھەرلەنگەن چارۋىلارغا قارىتا ئاۋۋال مۇۋاپىق مىقداردىكى 0.05% لىك مارگانسوپ ئېرىتمىسىنى زوند ئارقىلىق ئىچ-كۈزۈپ، قېرىندىكى زەھەرلىك ماددىلار چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. تۆللەرگە قا-رىتا ئادەتتە زەھەرلەنگەن ۋاقتى 4 ـ 6 سائەتتىن ئېشىپ كەتمىگەن بولسا سوپۇن سۈيى ھەمەل قىلىنىدۇ. پارافىندىن چوڭ چارۋىلارغا 300ـ500 مىللىلىتىر، كىچىك چارۋىلارغا 100 ـ 150 مىللىلىتىر، تۆللەرگە 50ـ 100 مىللىلىتىردىن تەييارلاپ توغرا ئۈچەيدىن ھەمەل قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا 2 ـ 3 سائەتتىن كېيىن قايتا ھەمەل قىلىنىدۇ. ئاندىن زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن 5% لىك 200 ـ500 مىللىلىتىر ناترىي ھىدرو كاربونات سۈيۈقلۇقى (碳酸氢钠注射液) غا ۋىتامىن C دىن 10 ـ 20 مىللىلىتىر قوشۇپ، كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم ئاسما ئوكۇل قىلىد-نىپ دورىنىڭ مىقدارى ئازايتىپ بېرىلىدۇ؛ (2) ئېغىرراق زەھەرلەنگەنلەر-رىگە قارىتا ئاۋۋال ھەر 6 ـ 8 سائەت ئىچىدە 5% لىك 250 ـ 500 مىللى-لىتىر ناترىي ھىدرو كاربونات سۈيۈقلۇقىغا ۋىتامىن Cدىن 20 ـ 30 مىللىلىتىر، ۋىتامىن $B_1$ دىن 5 ـ10 مىللىلىتىر ۋە ۋىتامىن $B_6$ دىن 10 ـ 20 مىللىلىتىر قوشۇپ، كۈنىگە 1 ـ 2 قېتىمدىن ئۇدا 3ـ4 قېتىم ئاسما ئوكۇل قىلسا بولىدۇ. ئاندىن ئاتروپىن سولفات ئوكۇلى (硫酸阿托品注射液) چوڭ چارۋىلارغا 10 ـ 15 مىللىگرامدىن، كىچىك چارۋىلارغا 2 ـ 4 مىللىگرامدىن، تۆللەرگە 0.5 ـ 1 مىللىگرامدىن مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (3) زەھەرلەنگەن دەسلەپكى مەزگىلدە كېسەل-لىك ئەھۋالى ئېغىر بولسا، چارۋىنىڭ قولاق ئۈچى، قۇيرۇق ئۈچى ۋە كۆك قان تومۇرىدىن چوڭ چارۋىلاردىن 1000ـ1500 مىللىلىتىر ئەتراپىدا، كىچىك چارۋىلاردىن 400ـ800 مىللىلىتىر ئەتراپىدا، تۆللەردىن

(داۋامى 54 ـ بەتتە)

# تىراكتورنى كۆندۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

قەمەر موللاھېلىم
(بورتالا شەھرى چىندىل يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

1. تىراكتورنى كۆندۈرۈشنىڭ ئالدىدا تۆۋەندىكى تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش لازىم. (1) تىراكتورنىڭ سىرتىدىكى توپا ـ چاڭ، ماي داغلىرى، داتتىن ساقلىنىش مېيىنى پاكىز تازىلاش؛ (2) ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ تولۇق ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈش، دېتاللار كەم بولۇپ قالماسلىقى؛ (3) دېزىل ناسوسى ۋە تېزلىك تەڭشىگۈچ دېتاللىرىنىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ۋە ئىشەنچلىكلىكىنى تەكشۈرۈش؛ (4) يۈرۈش قۇرۇلمىلىرىنى تەكشۈرۈش؛ (5) ماي، سۇ تولۇق قاچىلانغان ـ قاچىلانمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش؛ (6) مايلاشقا تېگىشلىك ئورۇنلىرىنى مايلاش، ھەرقايسى ئورۇنلىرىنىڭ چىڭىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش؛ (7) ئالاھىدە تەلەپلىك ئورۇنلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش كېرەك.

2. تىراكتورنى كۆندۈرۈشتىن ئىلگىرى تىراكتورنىڭ تاشقى دېتاللىرىنى تەكشۈرۈش ۋە چىڭىتىش دېتاللىرىنىڭ ئالمىشىپ قېلىش، كەم بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم.

3. كۆندۈرۈش جەريانىدا ئىشلەتكەن مايلاش مېيىنىڭ يېپىشقاقلىقى ياخشى بولۇشى، ئىشلەتكەن مايلاش مېيىنىڭ خۇسۇسىيىتى كۆندۈرۈشكە ماس كېلىدىغان بولۇشى لازىم.

4. كۆندۈرۈش جەريانىدا پىلانلىق تۈردە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ قىزىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاۋاز ئۆزگىرىشىنى تىڭشاپ كۆرۈش لازىم. ئەگەر ئايلىنىش ۋە باشقۇرۇشتا نورمال بولمىغان ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال توختىتىپ تەكشۈرۈش كېرەك.

5. كۆندۈرۈش قائىدىسىنىڭ تەلەپ قىلغان ۋاقتى بويىچە تىراكتوردىكى دېۋىگاتىل ئاپتولى ۋە ھەرىكەت ئۆزىتىش سىستېمىسىدىكى چىشلىق چاق مېيىنى ئالماشتۇرۇش كېرەك.

6. كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن تىراكتورنى ئادەتتىكىدەك ئاسراشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزگىرىش ئېھتىمالى بولغان ئورۇنلارنى تەڭشەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. (02)

# دان ئايرىش ماشىنىسىنى تاللاپ سېتىۋېلىش ئۇسۇلى

زورەگۇل ھەسەن مۇختەر مىجىت
(ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن)

1. ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا تىپىنى تاللاپ سېتىۋېلىش: (1) كىرگۈزۈش شەكلىگە ئاساسەن تاللاپ سېتىۋېلىش: دان ئايرىش ماشىنىسى دان ئايرىش شەكلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن زىرائەتنى پۈتۈن كىرگۈزىدىغان شەكىللىك (دان ئايرىش قۇرۇلمىسىغا زىرائەتنى پۈتۈن تۈپى بويىچە كىرگۈزۈپ دان ئايرىيدۇ) ۋە زىرائەتنى يېرىم كىرگۈزىدىغان شەكىللىك (دان ئايرىش قۇرۇلمىسىغا زىرائەتنىڭ باشاق قىسمىنىلا كىرگۈزۈپ، غول قىسمىنى مۇكەممەل ساقلاپ قېلىپ دان ئايرىيدۇ) دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تولۇق كىرگۈزىدىغان شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسى دان ئايرىپ بولغاندىن كېيىن مەنگەن بىرقەدەر ئۇششاق پارچىلىنىدىغان بولۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى بىرقەدەر چوڭ بولىدۇ، ئاساسلىقى بۇغداي دېنىنى ئايرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، يەنە ماش، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرگە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. يېرىم كىرگۈزىدىغان شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسى ئاساسلىقى شالنىڭ دېنىنى ئايرىشى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (2) پۈتۈن كىرگۈزىدىغان شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ دان ئايرىش قۇرۇلمىسىنى تاللاش: بۇ خىل ماشىنا دان ئايرىش قۇرۇلمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۇرۇنما ئېقىم تولۇقلۇق، ئوق ئېقىم تولۇقلۇق ۋە ياپراق چاق شەكىللىك دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ① ئۇرۇنما ئېقىم تولۇق شەكىللىك دان ئايرىش ماشىنىسى: بۇ خىل دان ئايرىش ماشىنىسى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، دان ئايرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن يەنە ئويۇقچە تولۇقلۇق، چىشلىق تولۇقلۇق ۋە قوش تولۇقلۇق دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئويۇقچە تولۇقلۇق دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ دان ئايرىش قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددىي، ماس كېلىدىغان زىرائەت تۈرلىرى كۆپ، دان ئايرىش ئىقتىدارى ياخشى، مەنگەنىنىڭ ئۈزۈلۈپ پارچىلىنىشى ئاز بولىدۇ، لېكىن كىرگۈزۈش مىقدارى

بىلەن نەملىك دان ئايرىش سۈپىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. چىشلىق تولۇقلۇق دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ زىرائەتنى قاماللاش ئىقتىدارى يۇقىرى بولۇپ، كىرگۈزۈش مىقدارىنىڭ تەكشىسىزلىكىگە نىسبەتەن ماسلىشىشچانلىقى ياخشى، دان ئايرىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. نەملىكى يۇقىرى بولغان زىرائەتلەرگە بولغان ماسلىشىشى ياخشى، لېكىن مەنگەننى ئۈزۈپ پارچىلىشى كۆپ بولۇپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى بولىدۇ. قوش تولۇقلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى داننى پاكىز ئايرىيدۇ. دان ئايرىش ئىقتىدارى ياخشى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، كىرگۈزۈش مىقدارىنىڭ تەكشىسىزلىكىگە بولغان ماسلىشىشچانلىقى ياخشى، لېكىن تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى بولۇپ، مەنگەننى ئۈزۈپ پارچىلىۋېتىشى كۆپ بولىدۇ. ② ئوق ئېقىم تولۇقلۇق دان ئايرىش ماشىنىسى: بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا مەخسۇس ئايرىش قۇرۇلمىسى ئىشلەتمەيلا دان بىلەن مەنگەننى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتەلەيدۇ، مەشغۇلات قىلغاندا، زىرائەت دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ بىر تەرىپىدىن كىرگۈزۈلۈپ، دان ئايرىش يوچۇقىدا ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ، ئايرىلغان دان ئۇيما تاختىلىق غەلۋىردىن ئۆتۈپ ئايرىلىپ چىقىدۇ. مەنگەن ئوقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىرىلىدۇ. ③ ياپراق چاقلىق دان ئايرىش ماشىنىسى: مەشغۇلات قىلغاندا ياپراق چاق شەكىللەندۈرگەن ھاۋا ئېقىمى زىرائەتنىڭ كىرگۈزۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ، مەشغۇلات شارائىتى نىسبەتەن پاكىز، ئەمما دان تولۇق ئايرىلمايدۇ، قامالاپ كىرگۈزۈش ئىقتىدارى نىسبەتەن ئاجىز، كىرگۈزۈشنىڭ تەكشىسىزلىكىگە بولغان ماسلىشىشچانلىقى بىرقەدەر ناچار بولۇپ، دان سوقۇش قۇرۇلمىسىنىڭ ئايرىش ئىقتىدارى بولمايدۇ.

2. تاللاپ سېتىۋالغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار: (1) مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتلارنىڭ مەھسۇلاتىنى تاللاپ سېتىۋېلىش ھەم تىزىمغا ئالدۇرغان ماركىسى بىلەن تەكشۈرۈش لاياقەتنامىسىنى سېلىشتۇرۇپ، سۈپەتسىز مەھسۇلات سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. مەسىلەن: دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ

ئىشلەپچىقىرىش ئىجازەتنامىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كېڭەيتىش ئىجازەتنامىسى ۋە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قاراش كېرەك. ئالدىنقى ئىككى گۇۋاھنامە بولسا دۆلەتنىڭ مەخسۇس تەكشۈرۈش ئورگانلىرى دان ئايرىش ماشىنا زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى تەكشۈرۈپ، لاياقەتلىك بولغاندىن كېيىن تارقىتىپ بېرىدىغان گۇۋاھنامە ھېسابلىنىدۇ؛ (2) دان سوقۇش ماشىنىسىنىڭ سىگنال بېرىش قۇرۇلمىسى ۋە مۇھاپىزەت قۇرۇلمىلىرى بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش لازىم. دان ئايرىش ماشىنىسىدا چوقۇم يۆلىنىش ئۆزگەرتىش بەلگىسى، خەتەرلىك قىسىملاردا چوقۇم مەڭگۈلۈك بىخەتەرلىك سىگنال بەلگىسى بولۇشى ھەم ھەرىكەت ئۆزىتىش بىخەتەرلىك مۇداپىئە قاپقىقى سەپلەنگەن بولۇشى كېرەك. نورمال مەشغۇلات قىلغاندا مەشغۇلاتچى خادىمنىڭ قولى دان ئايرىش تولۇقىغا تەگمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (3) دان ئايرىش تولۇقى ۋە باشقا ھەرىكەتچان دېتاللارنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق، قىسىلىپ قېلىش ۋە ئۇرۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش، ئايلانغان ۋاقىتتا ساقىلىق قازاندىن غەيرىي ئاۋازنىڭ چىققان ـ چىقمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك. ئىقتىدارى نورمال بولغان دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ تولۇقىنى قول بىلەن ئايلاندۇرغاندا ئايلىنىشى راۋان بولۇپ، غەيرىي ئاۋاز چىقمايدۇ ھەم ھەر قېتىم ئايلاندۇرغاندىكى توختاش ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ؛ (4) ماشىنىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىنىڭ داتلاشقان ـ داتلاشمىغانلىقىنى، سىرىنىڭ تەكشى پارقىراقلىقىنى، قاتتىق سوقۇلغان ـ سوقۇلمىغانلىقىنى تەكشۈرۈش لازىم؛ (5) قوشۇمچە ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا چۈشەندۈرۈش كىتابى، ئۆچكە ھۆددە قىلىش تەدبىرى ۋە قوشۇمچە دېتاللار، مەخسۇس ئىشلىتىدىغان سايمانلار بىلەن ئاسان ئۇپرايدىغان سايمانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ، كەم بولسا زاۋۇتنىڭ ياكى ساتقۇچى ئورۇننىڭ تولۇقلاپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك؛ (6) مال سېتىۋېلىش تالونىنى رېمونت قىلىش كارتىسىنى ياخشى ساقلاپ، سېتىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەتكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (02)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى

گۈلباھار ئىنايەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

**1. ئادەم سەۋەبى:** يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلىرىنىڭ تېخنىكىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بىخەتەرلىك تەدبىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى، قائىدىگە خىلاپ مەشغۇلات قىلىش، ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەندە ياكى سالامەتلىكى ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا ماشىنا ھەيدەش سەۋەبىدىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**2. ماشىنا، سايمان سەۋەبى:** تىراكتور ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ تېخنىكا ھالىتى ياخشى بولمىسا، بىخەتەرلىك ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولمىسا ياكى ئىشەنچلىك بولمىسا، ماشىنا دېتاللىرىنىڭ ھەرىكىتى راۋان بولمىسا ھادىسە يۈز بېرىدۇ.

**3. يول سەۋەبى:** يول بەك تار ھەم يانتۇ بولۇش، ئايلانما يول بۆلىكى كۆپ بولۇش، بىخەتەرلىك بەلگىلىرى يوق، توسالغۇ كۆپ بولۇش تۈپەيلىدىن ھادىسە يۈز بېرىدۇ.

**4. ھاۋا ئۆزگىرىش سەۋەبى:** تىراكتوردا يۈك توشۇغاندا ياكى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتى قىلغاندا، تۇيۇقسىز ھاۋا ئۆزگىرىش، قار - يامغۇر يېغىش، كۈچلۈك شىۋىرغان ياكى قاتتىق بوران چىقىش، قويۇق تۇمان پەيدا بولۇش تۈپەيلى ئېنىق كۆرەلمەسلىك سەۋەبىدىن ئاسانلا ھادىسە يۈز بېرىدۇ. (02)

# دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

ئەلى ئۆمەر
(پىچان ناھىيە لۈكچۈن بازارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىكىنى كەسپىلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆلەملىك ئىگىلىك قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە دېھقانلارنى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىدۇ. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىپ، كىرىمنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرغانلار ئاساسەن پايدىغا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما باشقۇرۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولماسلىق، دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئەمەل قىلماسلىق، ئۆلچەملىك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويماسلىق، پايدىنى تەقسىملەش مۇۋاپىق بولماسلىق، تېخنىكىنى پىششىق بىلىدىغان، ئىگىلىك قىلىشقا ۋە باشقۇرۇشقا ماھىر خادىملار، مالىيە خادىملىرى، مال ساتقۇچى خادىملار يېتىشمەسلىك، ئىقتىسادىي ئاساس ئاجىز بولۇش، يۈرۈشلەشكەن ئەسلىھەلەردىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانماقتا. نۆۋەتتە دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى يەنىلا تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقاچقا، ئەمەلىي ئەھۋالغا ۋە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مۇقىم تەرەققىي قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

1. مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇلازىمەت قىلىش، يېتەكلەش ۋە ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي قىلىش بىلەن ئۆلچەملەشتۈرۈش مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەپ، ئۈلگىلىك ئورۇنلار ئارقىلىق يېتەكلەپ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، سىجىل تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

2. ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن باشلامچى كارخانىلارنىڭ

مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، باشلامچى كارخانىلارنىڭ تۈرىنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تۈرىنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆلگە كوپېراتىپىنىڭ دېھقانچىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا دېھقانلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيەلەش، دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك، ئۆلچەملەشكەن باقمىچىلىق، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق دېھقانچىلىق تۈرلىرىنى تەسىس قىلىپ، قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

3. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىلەن يېزىلاردىكى باشقا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىپ، سىجىل تەرەققىي قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. يېزىلاردىكى كەنت ئىقتىسادىي كوللېكتىپى، دېھقانچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مۇلازىمىتى، ھەمكارلىق تەكشىلاتى قاتارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلاتلارمۇ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئوخشاشلا يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قۇرۇلغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. شۇڭا جايلار ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يېتەكلەش، دېھقانلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش كېرەك.

4. دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش كېرەك. مالىيە، پۇل مۇئامىلە، دېھقانچىلىق، سودا - سانائەت، باج، سودا قاتارلىق تارماقلارنى ۋە پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى قاتارلىق سىستېمىلار دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما قاراتمىلىقى بولغان يېتەكچىلىك رولى ئاجىز بولغاچقا، ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، ساغلام راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالمايۋاتىدۇ. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا

يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورگانلارنى قۇرۇپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى يېزا ئىگىلىكىدە ئۆلچەملەشتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش، يىغىۋېلىش، پىششىقلاش، دەرىجىگە ئايرىش، ساقلاش، توشۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. دېھقانلارنى داڭلىق ماركا ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋار ماركىسىنى ئەنگە ئالدۇرۇپ، ئىقتىسادىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قانۇنلۇق قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

5. قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك. مۇناسىۋەتلىك قانۇن نىزاملارنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مەھسۇلاتنى سېتىش، توختام تۈزۈش، قەرز ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك.

6. دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. مۇكەممەل بولغان ئەزالار يىغىنى تۈزۈمى ياكى مالىيەدە ئاشكارا بولۇش تۈزۈمى قاتارلىقلارنى ئورنىتىپ، باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. (05)

(بېشى 46 - بەتتە)

400_200 مىللىلىتىر ئەتراپىدا قان قويۇۋېتىلىدۇ. ئەگەردە قان كۆپرەك قويۇۋېتىلگەن بولسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆك قان تومۇرىغا مۇرەككەپ ناترىي خلور ئېرىتمىسى (复方氯化钠注射液) دىن 1000_500 مىللىلىتىرنى ئەھۋالغا قاراپ ئوكۇل قىلسا بولىدۇ؛ (4) كېسەللىك ئالامىتى بايقالغان ھامان تېزدىن زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن %5 لىك 300 - 500 مىللىلىتىر گلۇكوزا سۇيۇقلۇقىغا دىكسا مېتازون (地赛米松) دىن 10 - 20 مىللىلىتىر قوشۇپ، ۋېنا تومۇرىغا كۈنىگە 1 - 2 قېتىمدىن ئۇدا 2 - 3 كۈن ئوكۇل قىلسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاشتا قايمىقى سۈزۈۋېتىلگەن 1000_1500 مىللىلىتىر يېڭى كالا سۈتىگە شېكەر قوشۇپ، تۆللەرگە مىقدارىنى ئازايتىپ 1 - 2 قېتىم ئىچكۈزسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. (02)

## جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاياللار نىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى

**29 - ماددا** دۆلەت تۇغۇت سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويىدۇ، تۇغۇتقا مۇناسىۋەتلىك باشقا كاپالەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلار نامرات ئاياللارغا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە زۆرۈر تۇغۇت ياردىمى بېرىشى كېرەك.

**30 - ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**31 - ماددا** نىكاھ مۇناسىۋىتى، ئائىلىدىكى ئورتاق مال - مۈلۈك مۇناسىۋىتىدە، ئاياللارنىڭ قانۇن بويىچە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق - مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ.

**32 - ماددا** يېزىلاردا يەر ھۆددە ئېلىش، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات پايدىسىنى تەقسىملەش، يەر ئېلىش ياكى يەردىن پايدىلىنىش تولۇقلىما ھەققىنى ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك ئۆيلۈك يەر ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاياللار ئەرلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە.

**33 - ماددا** ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئاياللارنىڭ توي قىلمىغانلىقى، توي قىلغانلىقى، ئاجراشقانلىقى ۋە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەنلىكى قاتارلىقلارنى باھانە قىلىپ، ئاياللارنىڭ يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلاتتىكى ھوقۇق - مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە يول قويۇلمايدۇ. ئەر توي قىلىپ ئايال تۇرۇشلۇق جايدا ماكانلاشقان بولسا، ئەر ۋە پەرزەنتلىرى شۇ جايدىكى يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىي تەشكىلات ئەزالىرى بىلەن باراۋەر ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ.

**34 - ماددا** ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئىگە بولىدىغان مال -

مۈلۈك ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قانۇن قوغدايدۇ. قانۇندا بەلگىلەنگەن بىر رەت-تىكى ۋارىسلار ئىچىدە ئاياللارنى كەمسىتىشكە يول قويۇلمايدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال ۋارىسلىق قىلغان مال - مۈلۈكنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھوقۇقلۇق، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئارىلىشىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**35 - ماددا** ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئايال قېيناتىسى، قېينانىسىنى بېقىش مەجبۇرىيىتىنى ئاساسلىق ئادا قىلغان بولسا، قېيناتىسى، قېينانىسىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن بىرىنچى رەتتىكى ۋارىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى پەرزەنتلىرىنىڭ ئورۇن بېسىپ ۋارىسلىق قىلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ.

**36 - ماددا** دۆلەت ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن باراۋەر جىسمانىي ھوقۇققا ئىگە بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**37 - ماددا** ئاياللارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىگە چېقىلىشقا بولمايدۇ. قانۇنسىز نەزەربەند قىلىش ۋاسىتىسى ۋە باشقا قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن ئاياللارنى جىسمانىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىش ياكى ئۇنى چەكلەش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئاياللارنىڭ تېنىنى قانۇنسىز ئاختۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

**38 - ماددا** ئاياللارنىڭ ھاياتلىق ۋە ساغلاملىق ھوقۇقىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. قىز بوۋاقلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش، تاشلىۋېتىش، ناكار قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ قىز تۇغقان ئاياللار ۋە تۇغماس ئاياللارنى كەمسىتىش، خارلاش مەنئى قىلىنىدۇ؛ خۇراپاتلىق، زورلۇق ۋاسىتىسى قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئاياللارنى ناكار قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ كېسەل، مېيىپ ئاياللار ۋە ياشانغان ئاياللارنى خارلاش، تاشلىۋېتىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**39 - ماددا** ئاياللارنى ئالداپ سېتىش، تۇتقۇن قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ؛ ئالداپ سېتىۋېتىلىدىغان، تۇتقۇن قىلىنىغان ئاياللارنى سېتىۋېلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ئالداپ سېتىۋېتىلگەن، تۇتقۇن قىلىنغان ئاياللارنى قۇتقۇزۇشقا توسقۇنلۇق قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈ-

# دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

ئادىل بەكرى
(مەكىت ناھىيە دولان ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

1. دېھقانلارنىڭ ساغلاملىق ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. كەڭ يېزىلىرىمىزدا دېھقانلارنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسى تۆۋەن بولۇش سەۋەبىدىن ئىلمىي ئوزۇقلىنىش قائىدىسىنى بىلمەيدۇ، قايسى خىل كېسەلگە قانداق دورا ئىچىشنىمۇ بىلمەيدۇ. بەزىلەر كېسەل ئېغىرلىشىپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدىغان چاغدا ئاندىن داۋالىنىدۇ. ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن دورىلارنى ئائىلىسىدە ساقلاپ ئىشلىتىۋېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال دورىدىن زەھەرلىنىش ياكى دورا تەسىر قىلماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. داۋالىنىش سەۋەبلىك نامراتلىشىپ كېتىش ئەھۋاللىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. شۇڭا دېھقانلارغا بولغان ساغلاملىق تەشۋىقاتى، ئائىلىلەردە دورىنى قانداق ساقلاش، ۋاقتى ئۆتكەن دورىلارنى قانداق پەرق ئېتىش، قەرەللىك دوختۇرغا كۆرۈنۈش، ئىلمىي ئوزۇقلىنىش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

مەتلىرى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، ئەمگەك ـ ئىجتىمائىي كاپالەت، سەھىيە تارمىقى قاتارلىق تارماقلار مەسئۇلىيىتى بويىچە ۋاقتىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئالداپ سېتىۋېتىلگەن، تۇتقۇن قىلىنغان ئاياللارنى قۇتقۇزۇشى، كېيىنكى ئىشلارنى ياخشى ئىشلىشى، ئاياللار بىرلەشمىسى ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشكە ھەمكارلىشىشى ۋە ماسلىشىشى كېرەك. ھەرقانداق كىشىنىڭ ئالداپ سېتىۋېتىلگەن، تۇتقۇن قىلىنغان ئاياللارنى كەمسىتىشىگە يول قويۇلمايدۇ.

**40 ـ ماددا** ئاياللارغا جىنسىي پاراكەندىچىلىك سېلىش مەنئى قىلىندۇ. زىيانغا ئۇچرىغان ئاياللار ئورۇن ۋە ئالاقىدار ئورگانلارغا ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق.(05) (داۋامى كېيىنكى ساندا)

2. پەن - تېخنىكا بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىش لازىم. كەچلىك كۇرس ۋە قىشلىق بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان تۈرلەر بويىچە تەربىيەلەپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش، باقمىچىلىق قىلىش، باغۋەنچىلىك قىلىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كەنت قىرائەتخانىسى، ئائىلە قىرائەتخانىسى قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىپ، دېھقانلارنىڭ كىتاب، ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، باغۋەنچىلىك، كۆكتاتچىلىق، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

3. پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىسى قۇرۇلۇشىنى كېڭەيتىش كېرەك. شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە، بازار ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. مەسىلەن: بېلىق بېقىش، ئۆي قۇشلىرى بېقىش، ھەسەل ھەرىسى بېقىش، قوي - كالا بورداپ بېقىش، كالا سۈتچىلىكى، ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى، ئەلا سورتلۇق ئىقتىسادىي زىرائەت، باغۋەنچىلىك، ئورمان ئۆستۈرۈش.....قاتارلىق تۈرلەرنى يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنى كۆپەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆت جەھەتتىن يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك، يەنى پەن - تېخنىكا جەھەتتىن يۆلەش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن يۆلەش، شارائىت جەھەتتىن يۆلەش ۋە سېتىپ چىقىرىش جەھەتتىن يۆلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قارىغۇلارچە ھەربىر ئائىلىگە مانچىدىن توخۇ بېقىش ۋەزىپىسى، مانچىدىن قوي بېقىش دېگەندەك ۋەزىپىنى چۈشۈرمەسلىك كېرەك. بولسا پەن - تېخنىكا ئۈلگە كۆرسىتىش ئائىلىلىرىنى نۇقتىلىق تەربىيەلەشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك.

شۇنداقلا ئالدىن بېيىغان ئائىلىلەر، نامرات ئائىلىلەرنى يېتەكلەش، يۆلەش تۈرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق بېيىشنى تېزلىتىش كېرەك.

4. يېزا - ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشنى بازارغا يۈزلەندۈرۈش كېرەك. نۇقۇل كېۋەز ئىشلەپچىقىرىشتىن بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. مەلۇم بىر خىل تۈرنى ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىپ شۇ مەھسۇلات بازاردا كاسات بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەلا سورتلارنى ۋە كۆزۈر مەھسۇلاتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش كېرەك.

5. دېھقانلارنىڭ ھويلا ئارام ئىگىلىكىنى يولغا قويۇش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرىدىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئەلا سورتلۇق مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكىشكە يېتەكلەش، شۇنداقلا ئۆي ئەتراپىدىكى بىكار يەرلەرگە كىچىك كۆكتات پارنىكى ياساپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىپ، بۇلغانمىغان كۆكتات ئىشلەپچىقىرىپ، ساغلام ياشاشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. مول ھوسۇل ئېلىش ئەندىزىسىنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىۋەتمەسلىك كېرەك. شۇ خىلدىكى زىرائەتلەرنىڭ بىر - بىرىدىن سۇ، يورۇقلۇق، ئوزۇقلۇق تالىشىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك. يەردىن پايدىلىنىشنى ئۆز جايىنىڭ كۆزۈر مەھسۇلاتلىرىغا قارىتىپ، سوپەتلىك ئىشلەپچىقىرىپ، كۆلەملەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كېۋەزگە زىرە، تاۋۇزلارنى كىرىشتۈرۈپ تېرىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا پەرۋىش قىلىش كېرەك. كۆكتات مەسىلىسىنى ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن ھەل قىلغىلى بولمىسا ئېتىزلىقتا شۇ ئائىلىنىڭ نورمىسىغا يەتكۈدەك كىرىشتۈرۈپ تېرىسا بولىدۇ.

قىسقىسى جايلار دېھقانلارنى بېيىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، پەن - تېخنىكىنى قورال، بازارنى نىشان قىلىپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان تۈرلەرنى يولغا قويغاندا دېھقانلارنى بېيىشقا تېزرەك يېتەكلىگىلى بولىدۇ. (05)

# كەيپىياتنى تەڭشەشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

1. يەرلىك توخۇ گۆشى شورپىسى، قوي گۆشى شورپىسىنى ھەپتىدە 1 ـ 3 قېتىم ئىچىش، ۋىتامىن ۋە مىكرو ئېلېمېنت قاتارلىق سۇدا ئېرىشچان ماددىلارنى تولۇقلاپ، مىجەزنى تەڭشەيدۇ.

2. ئادەتتە ساغلام جىگەر، ماش، تۇخۇم سېرىقى، شوخلا، پۇراقلىق موگۇ قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئىستېمال قىلغاندا، ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ.

3. ئادەتتە كەيپىيات بۇزۇلغاندا ئەنجۈر ياكى ئەنجۈر مۇرابباسىنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلسا مىجەزنى تەڭشەپ، ھەر خىل راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

4. كەيپىيات پاسسىپلاشقاندا تەركىبىدە ۋىتامىن A كۆپرەك يېمەكلىكلەرنى يەنى بېلىق شورپىسى، ھەر خىل پۇرچاقلارنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ، مىجەزنى خۇشخۇي قىلىدۇ.

5. بۇغداي كېپىكى ۋە ھەر خىل كېپەكلىك يېمەكلىكلەرنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا، مىجەزنى تەڭشەپ ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

6. كۈندە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇز ئەتراپىدا 1 ـ 2 تال ئالما يېيىشنى داۋاملاشتۇرغاندا، ھەر خىل يۈرەك ـ قان كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

7. ئەتىگەن، كەچتە تاماقتىن 1 ـ 2 سائەت كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا سۈت ئىچسە، ئوزۇقلۇق تولۇقلاپ كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ.

8. مىجەزى تەرسالاشقاندا ئامال بار يېشىل، سېرىق، يېشىل رەڭلىك كۆكتاتلارنى ۋە مېۋىلەردىن ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈمە، شاتۇت قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا مىجەزنى تەڭشەپ، خۇشخۇي قىلىدۇ.

9. ناۋات چاي، قارا شېكەر چاي، دورىلىق چاي، ئاپېلسىن تەملىك پەمىل چاي قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا، كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، ھەر خىل يۇقۇملۇق زۇكاملارنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

10. زاراڭزا مېيى، زەيتۇن مېيى، قوناق مېيى ۋە ئەبجەش مايلارنى مۇۋاپىق ئىستېمال قىلغاندا، مىجەزنى تەڭشەپ، ھەر خىل تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. (05)



战略合作伙伴
中国新疆国际商会会员单位
MEMBER OF CHINA XINJIANG CHAMBER OF INTERNATIONAL COMMERCE
中国国际贸易促进委员会新疆分会监制
清真证书
Urumqi City Sultan Chemical Plant For Fine Commodity
سۇلتان زاۋۇتىنىڭ شان - شەرەپلىرى
荣誉证书
团体会员证书
经理事会批准你单位为本会会员
CAFFCI
2012 "杰出创业女性" 荣誉称号
新疆亲努尔生物科技有限公司
乌鲁木齐市水磨沟区苏力丹精细日用化工厂：
国家质量卫生安全全面达标企业
木巴拉克·沙帕洪同志：
被授予乌鲁木齐市民族团结进步模范个人荣誉称号，特发此证，以资鼓励。
2005 中国最具影响力十大清真品牌
2012中国优秀创新企业家
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى
新疆维吾尔自治区消费者协会
ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىكى سەمىمىي ئورۇن
消费维权诚信单位
(2011－2012)
新疆亲努尔生物科技有限公司
乌鲁木齐市水磨沟区苏力丹精细日用化工厂
"QINNURI 亲努尔"
中国化妆品领域十大质量品牌
(重点推广)
سۇلتان زاۋۇتىغا مىڭلاپ بەرىكەت ياغسۇن !

# 1 ـ ماي خەلقئارا ئەمگەكچىلەر بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



ئۈرۈمچىدىكى قولمىكەش خانىم ـ قىزلار 2013 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى نورۇزلۇق يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، سۇلتان زاۋۇتىنىڭ لىدىرى مۇبارەك خانىمغا خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى


农村科技

(月刊)

يېزا پەن ـ تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى

تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 0991 ـ 4505075

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091

باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن

تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن ـ تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095

مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016